قەشقەر ئەدەبىياتى 100



KASHGAR LITERATURE

# قەشقەر ئەدەبىياتى

100

3

1990

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى تەھرىر خادىملار ئۆز ئارا
سۆھبەت ۋە ئىش ئۈستىدە







# قەشقەر ئەدەبىياتى

( قوش ئايلىق ژۇرنال )

3
―――
1991

20 - يىل نەشرى

(ئومۇمى 100- سان)

«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

AltunOq

# بۇ سانىدا

## 100 سان مۇبارەك


| | | |
|---|---|---|
| | بېغىشلىمىلار | 1 |

## تەبرىك خەت ۋە تېلېگراممىلار 9

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر | پامىر تۇلپارىغا | 19 |
| تۇردى سامساق | قەشقەر گۈزەلىگە | 19 |
| جاپپار ئەمەت | سەھىپەڭنى ۋاراقلىغاندا | 21 |
| ئابدۇللا تالىپ | باھار ۋە مۇھەببەت | 22 |
| سۇزۇك | قويىنۇڭ گۈلشىنى—ئەدىبلەر سورۇنى | 23 |
| ئەخمەت پاسار | جاھان ساڭا مۇشتەرى | 23 |
| مۆمىن سەپىرى | يۈرەك سۆيگۈسى | 24 |
| تۇردى سوپى | شېئىرلار | 25 |
| ئابدۇرېھىم توختى | شېئىرلار | 26 |
| مۇھەممەت روزى | ئاھ، دىلبەر | 29 |
| ئۆمەرجان ئاۋۇت | شېئىرلار | 32 |
| مەھمۇد زەيدى | «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى | 33 |
| قاۋۇسىلقان قامىجان | ئەدەبىي مۇنبەر، مەنىلىك رەقەملەر | 39 |
| ئەختەم ئۆمەر | مېنى تەۋرەتكەن بۆشۈك | 51 |
| ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن | ئەزىز دىيار، شانلىق ئىپتىخار | 56 |
| ئابدۇسەمەت خېلىل | ئالتۇن مۇنبەر | 60 |
| ئارسلان تالىپ | تۇنجى قەدەم، تۇنجى ئەسەر | 62 |

## نەسرىي ئەسەرلەر

| | | |
|---|---|---|
| ئەخمەت تۇردى | نېمە دېگۈلۈك | 66 |
| مۇھەممەت ئىمىن | ئۈچ ھېكايە | 74 |
| سايىت سادىق | ھەي ئىسىت! | 81 |
| مۇساجان قاۋۇل | دۇيجاڭنىڭ يېڭى «تەرجىمىھالى» | 86 |
| نۇرئىمان ناسىر | بىر پارچە خەت | 93 |

## بالىلار ئەدەبىياتى

| | | |
|---|---|---|
| دىلشات نۇرمەمەت | «يولۋاس» | 96 |
| ئەنۋەرجان ئەمەت | ئالتۇن ھالقا | 101 |

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

| | | |
|---|---|---|
| مۇھەممەترېھىم ھاجى تۇرسۇن | ئەسەرلەر | 102 |

## جاھاننەما

| | | |
|---|---|---|
| مۇتەللىپ سىدىق | مىسىردا ئۆتكەن بىر يىل | 107 |

## ئەدەبىي ساۋات

| | | |
|---|---|---|
| كېرىمجان ئابدۇرېھىم | پىروزىچىلىقنىڭ يېڭى قوللانمىسى | 114 |

## خەزىنە

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇكېرىم ئەخمەت رەتلىگەن | ئۈچ ۋەسىيەت (چۆچەك) | 121 |
| يۈسۈپ ئۆمەر رەتلىگەن | كۆيمۇغۇل قەيەرگە كەتكەن؟ | 124 |


( بۇ ساندىكى ھۆسن خەت ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى جۇمە ئابدۇللا، ياlقۇنجان قۇربانلار ئىشلىگەن )

„قەشقەر شەھىرىدە بىنا قىلىنغان
قوزغىلۇڭ!

ئىلىم ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئەنئەنىسىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ،
سوتسىيالىستىك مەنىۋى
مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا
ئۇلۇغ تېخىمۇ چوڭ تۆھپە
يارىتايلى!

سەيپىدىن ئەزىزى

١٩٩٠-يىل ٢-نويابىر، بېيجىڭ

سوتسىيالىزم شۇئارلىرىمىز سوتسىيا-
لىستىك ئەدەبىياتقا مۇھتاج. «قەشقەر
ئەدەبىياتى» نىڭ پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-
سەنئەت فاڭجېنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىزچىل
سىياسىي ئالاھىدىلىكى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى
ساقلاپ، تىرىشىپ ياخشى ئەسەرلەرنى
ئېلان قىلىش، تىرىشىپ ئىختىساسلىق
ئەدەبىيات خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشى ئۈچۈن
بۇ شانلىق ئىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ئۈمىد
قىلىمەن.

ئىسمائىل ئەھمەد

90 - يىل 21 - نويابىر

«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 100 سان نەشر قىلىنغانلىقىنى
قىزغىن تەبرىكلەيمەن. سىلەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى
خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش
فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئە-
دەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور
يېڭى تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆمۈر داۋامەت

1991-يىل 6-ئاينىڭ 9-كۈنى

热烈庆祝《喀什噶尔文艺》出版100期，希望你们继续坚持文艺为人民、为社会义主服务的方针，为繁荣社会主义文艺作出新的更大贡献。

铁木尔·达瓦买提

1991年6月9日

«قاشقار ادەبيەتى» جۋرنالىنىڭ ءتورت
نەگىزگى پرينسيپكە تايانادى بولىپ، «بارلىق
گۇل شەشەك اتسىن، جالپى جارىسا ءۇن
قاتسىن» باعىتىن باتىل اتقارىپ، حالىق
ءۇشىن، سوتسياليستىك قۇرىلىس ءۇشىن
تىڭ ۇلەس قوسۋىن ءۇمىت ەتەمىن.

جانابىل

1991-جىل 27-ماي

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جانابىل

1991 - يىل 27 - ماي

团结奋斗，发展和繁荣我区多民族社会主义文艺

庆祝《喀什文学》出版一百期

冯大真 一九九一年五月廿日

ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە ئۇنى گۈللەندۈرەيلى!

«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يۈز سان نەشر قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن.

فېڭ داجېن

1991 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

团结起来繁荣
社会主义的文艺

徐汉成
一九九一、五、廿

ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرەيلى

شۈي شياۋچىڭ

1991 - يىل 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يۈزىنچى سانى نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. «قەشقەر ئەدەبىياتى» نەشر قىلىنغاندىن بۇيان، مەزمۇن، تېما، ئۇسلۇب جەھەتتىكى خاسلىقى ۋە رەڭدارلىقى بىلەن يېڭى دەۋر سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتى. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قەييۇم تۇردى

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

بۇيىل «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ يىگىرمە يىللىقى. يىگىرمە يىلدىن بۇيان، ژۇرنال يېپەك يولى ئاسمىنىدا پارلىغان يېڭى يۇلتۇزدەك چاقناپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشتى. ژۇرنالنىڭ پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، خەلقىمىزگە تېخىمۇ كۆپ مەنىۋى ئوزۇق بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئىسمائىل تىلىۋالدى

1991- يىل 7 - ماي

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپخاس ھاجىپلار يۇرتىنىڭ ئېتىخارى سۈپىتىدە، ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى تىلەيمەن.

تىلىۋالدى توختى

1991 - يىل 8 - ماي

◁〰〰〰〰〰▷

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېقىن دوستى. ژۇرنالنىڭ زەرەپشان ۋە تۈمەن دەريالىرىدەك توختىماي ئۆركەشلەپ ئېقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رەڭدار گۈلزارىنى تېخىمۇ دىلخۇمار، شېرىن سۈپەتلىك مېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇپ، تاجىك، ئۆزبېك، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى روھىغىمۇ لەززەت بېرىشىنى تىلەيمەن.

ئىسمائىل ئېزىز

1991 - يىل 13 - ماي

◁〰〰〰〰〰▷

« قەشقەر ئەدەبىياتى » نىڭ خەلقىمىزنى سوتسىيالىستىك، كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە غايە بىلەن تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

مەمتىمىن ھەلىمىدىن

1991 - يىل 20 - ماي

# تەبرىك خەت ۋە تېلېگراممىلار

**«قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:**

«قەشقەر ئەدەبىياتى» يىگىرمە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراشتەك يۆنىلىش ۋە فاڭ ـ جېنىنى تەۋرەنمەستىن قەتئىي ئىجرا قىلىپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنى تەربىيىلەپ، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتىپ، قەشقەرنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مول تۆھپە قوشتى. بىز بۇ نەتىجىلەردىن ئىنتايىن خۇشالمىز. بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، قېرىنداش ئەدەبىي ژۇرناللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە خۇشبۇي گۈللەرنى كۆپلەپ ئېچىلدۇرۇپ، بىر قولدا تەرتىپكە سېلىش، بىر قولدا گۈللەندۈرۈش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەدەبىياتىمىزنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش يولىدا تېخىمۇ زور نەتىجىلەر يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

**1991 ـ يىل 20 ـ ئاپرىل**

**«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:**

ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ يۈز سان نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلغانلىقىڭىزلاردىن خۇشاللىق بىلەن خەۋەر تاپتۇق، پائالىيىتىڭىزلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

سىزلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلارنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈزىتىپ، ساختا ۋە ناچار ئەسەرلەردىن خالى بولۇپ، ئاممىنىڭ قەلب ئارزۇسى ۋە پىكىر ـ تە-

لەپلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن، ژۇرنىلىڭىزلارنى كىتابخانلار تېخىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەدەبىيات گۈلزارىغا ئايلاندۇرۇشىڭىزلارنى تىلەيمىز.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى،**
**شىنجاڭ مائارىپ گېزىت-ژۇرنال نەشرىياتى**

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈز سان نەشر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندىن بېرى كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى، شۇنداقلا ئۆز ئەتراپىغا تالانتلىق كۈچلەرنى جەلب قىلىش ئارقىلىق ئەدەبىيات قوشۇنىمىزنىڭ زورىيىشىغا ھەسسە قوشتى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا يەنىمۇ پارلاق ھەسسىلەرنى قالدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

### «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يىگىرمە يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى توغرا ئىجرا قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز! كەلگۈسىدە تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

### «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ يۈز سان نەشر قىلىنغانلىقى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى ئالاھىدە تۆھپىسىنى چىن دىلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز. سىزلەرگە تېخىمۇ

زور مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

## «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلگەن يىگىرمە يىلدىن بۇيان، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا ئۈزمەي نەشر قىلىنىپ، شەرەپ بىلەن يۈزىنچى سانىغا قەدەم قويدى. بۇ ژۇرنالنىڭ قۇتلۇق قەدەملىرىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان يىگىرمە يىل مابەينىدە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشتى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇنبىرىدە يارقىن جۇلالىنىپ، ئۆزىنىڭ رەڭگا - رەڭ سەھىپىلىرى، ئىستېتىك زوق بەخش ئەتكۈچى نادىر ئەسەرلىرى بىلەن جەمئىيەتكە قىممەتلىك مەنىۋى ئوزۇق يەتكۈزۈپ بەردى؛ يازغۇچى، شائىرلارنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ماس ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا كەڭ ئورۇن بەردى. بولۇپمۇ، يېڭى بىر ئەۋلاد ئەدىبلەرنىڭ مەيدانغا كېلىپ، پىشىپ يېتىلىشىدە مەكتەپلىك رولىنى ئويناپ كەلدى؛ خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى، يالقۇنلۇق ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا دەۋر روھىنى كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈز سان نەشر قىلىنغانلىقىغا تەنتەنە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر ژۇرنالنى چىقىرىشقا ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان مۇھەررىر يولداشلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ شان - شەرەپ ئالدىدا غەيرەتكە كېلىپ، ژۇرنالنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە چىقىرىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە تىلەكداشمىز.

## قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇت قەشقىرى، تالانتلىق شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ...... قاتارلىق نۇرلۇق مەدەنىيەت چولپانلىرىنى يېتىشتۈرگەن زېمىن - گۈزەل قەشقەردە پورەكلەپ ئېچىلغان دەۋرىمىزنىڭ خۇشپۇراقلىق گۈلى - «قەشقەر ئەدەبىياتى» قەدىمكى شەھەر قەشقەر ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلقىمىزنىڭ دىلىغا ئىللىق باھار زوقىنى سىڭدۈردى. ئۇ، يەرلىك ژۇرناللار ئارىسىدىن بىرىنچى بولۇپ دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئىجادىيەت بوستانىنىڭ سەرخىل گۈللىرىنى دۇنيا

AltunOq

جاما ئەتچىلىكىگە سۇندى. مىللىي ئەدەبىياتىمىزنى جاھان خەلقىگە تونۇتۇشتا ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلماس تۆھپىسىنى قوشۇپ، ھەر مىللەت كىتابخانلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ غۇلىماس مۇنار تىكلىدى. كىتابخانلار ژۇرنال سەھىپىلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەۋاتقان شانلىق ئوبرازىنى كۆردى. تۇمەن ۋە قىزىل دەريالىرىنىڭ شوق دولقۇنلىرىغا، ساياھەتچى - سەييالارنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ يارقىن نەمۇنىلىرىغا زوقلىنىپ قاراشلىرىغا، كۇئېنلۇن ئېتەكلىرىدىكى نەي ئاۋازىغا، زەرەپشان بويىدىكى نەغمە-ناۋا، مەكتەپ يېزىلىرىدىكى دولان ئۇسسۇلىغا، مۇقام ئۇستازلىرىنىڭ يېقىملىق قالۇن، ساتار ئاۋازلىرىغا يېزىلغان مەدھىيىلەرنى كۆرۈپ ھوزۇرلاندى.

دېمەك، «قەشقەر ئەدەبىياتى» يىگىرمە يىل مابەينىدە مىللىي پۇراق، يەرلىك ئالاھىدىلىك، دەۋر روھىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجادىيەت خادىملىرىنى خالىس تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ژۇرنال ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت سەھنىسىنى قەھرىمانلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇنبىرىگە ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىر ئۇلۇش ھەسسە قوشتى.

بىز كەسپداش بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يۈزىنچى سانى چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن يىگىرمە يىلدىن بۇيان جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن ھۆرمەتلىك تەھرىرلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشقان ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت، تەنلىرىگە سالامەتلىك تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى**
**قاراماي شەھەرلىك**
**ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى**

**«قاراماي ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەنىۋى ئوزۇقلىرى بىلەن كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات باغچىمىزنى تېخىمۇ رەڭدارلاشتۇردى. قەشقەر دىيارىدىكى قەلەمكەش دوستلارنىڭ يەنىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشلىرىگە تىلەكداشمىز.

**« ئىلى دەرياسى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

## تەبرىك خەت

ئەدەبىيات باغچىمىزدىكى رەڭمۇ رەڭ گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ بىرى بولغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يىگىرمە ياشقا كىرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇ ژۇرنالنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى، غەيرىتىنى، قىزغىنلىقىنى بېغىشلىغان بارلىق مۇھەررىرلەرنى چىن كۆڭلىمىزدىن سەمىمىي تەبرىكلەيمىز ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

قەشقەر قەدىمكى مەدەنىيەتلىك شەھەر. نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇر، ئالىم، تىلشۇناس، شائىرلار بۇ جايدا ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ دۇنياغا تونۇلغان. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئەنە شۇنداق ئالەمشۇمۇل كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاپ، يەرلىك ئەدەبىياتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى ۋە ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇشى ئۈچۈن مەيدان ھازىرلىدى.

بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈندىن كېيىن دۇنياغا، كەلگۈسىگە، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىپ، كۆكتە قىران بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

**«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1991 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمىگە:

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈز سان چىقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئىسلاھات دەۋرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت بېغىدا ئېچىلغان خۇشپۇراق بىر گۈل. ئۇ، يۈز سان چىقىرىلغان جەريانىدا ئۆزىنىڭ ساغلام مەزمۇنى، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلىرى بىلەن پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ قەشقەردىلا ئەمەس، ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىمۇ مۇئەييەن تەسىر ۋە رولغا ئىگە بولدى. يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىتابخانلارنى كۆپلەپ جەلب قىلىش بىلەن تۈرلۈك سەھىپىلەرنى يولغا قويۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىنى ئۇيۇشتۇرۇش، يېڭى قەلەمكەشلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە مۇھىم تۆھپىلەرنى ياراتتى. بىزگە ئوخشاش قېرىنداش ئورۇنلار بۇنىڭدىن كۆپ مىننەتدار. دەۋرىمىزنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرى بىر ـ بىرىگە ئىلھام بېرىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن تەڭ ئالغا باسىدۇ. قەشقەر ئاپتونوم رايونىمىزدا سەنئەت قايىنىغان بۇلاقلارنىڭ بىرى، دۇنيا تونۇغان سەنئەتكارلار ماكانى، ھازىرقى قوشۇنىمۇ سەرخىل، بۇ تۈگىمەس مەنبە، مۇستەھكەم ئۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى پەخىرلەنگەن ھالدا زور ئۈمىد بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئىدارىسى**

1991 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيىتىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئۇدا نەشىر قىلىنىپ، يۈزىنچى سانىنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشتەك شانلىق مۇساپىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتتى. «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى، ۋىلايىتىمىزدىكى كەڭ مۇشتەرى جامائەت ۋە قەلەمكەشلەرگە ۋەكالىتەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇدا نەشىر قىلىنىپ، مىللىي شەكىل، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئېتىبار قىلىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈردى، جۈملىدىن زامانىۋىلىشىش سۈپىتىنى چىڭ تۇتۇپ، مەزمۇنى مول، ئۇسلۇبى، تۈرى خىلمۇ خىل رەڭدار سەھىپىسى ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ كۆڭلىدىن ئالاھىدە ئېتىبارى بىلەن ئورۇن ئالدى.

بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ساغلام ھالدا غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىنى، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قەلبىدىكى ئابرۇيىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىنى تىلەيمىز.

**« ئاقسۇ ئەدەبىياتى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

## تەبرىك ۋە ئۈمىد

**« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:**

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشرىنىڭ يۈز سانغا تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن يۈرەك قانلىرىنى سەرپ ئېتىپ، جاپالىق ئىشلەپ، مول نەتىجە ياراتقان نامسىز قەھرىمان — تەھرىرلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئاپتورلىرىغا سەمىمىي سالام يوللايمىز.

يىگىرمە يىلدىن بۇيان «قەشقەر ئەدەبىياتى» يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تۆھپىلەرنى قوشۇپ، خەلقىمىزنىڭ قىزغىن سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مۇھىم ئەدەبىي ئوقۇشلۇقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقىمىزگە يەنىمۇ مول مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىشىغا سەمىمىي تىلەكداشمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**«تۇرپان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 4- ئاينىڭ 10 - كۈنى

## يۈز سان مۇبارەك!

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلىشتىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا تارقىتىلغىچە بولغان يىگىرمە يىل جەريانىدا، ئۆز ئەترابىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى، شۇنداقلا قەدىمكى مەدەنىيەت — سەنئەت بۆشۈكى بولغان قەشقەر دىياردىكى يازغۇچى، شائىر، ھەۋەسكارلارنى خۇددى شام پەرۋانىلارنى جەلب قىلغاندەك جەلب قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنىڭ سان ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن شەرەپلىك تارىخىي مۇساپىلارنى بېسىپ ئۆتتى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ھەسسە قوشتى.

بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يۈز سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەزكۇر ژۇرنالنى بۈگۈنكى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان، ھېلىھەم بۇ يولدا كۆرەشتىن توختىمىغان مۇھەررىر سەپداشلارغا سەمىمىي يۈرەك سالىمىمىزنى يوللايمىز، شۇنداقلا نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز!

ھۆرمەت بىلەن:

**كورلا «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

1991 — يىل 4 — ئاپرېل

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يىگىرمە يېشى ۋە يۈز سانىغا مۇبارەك

«قەشقەر ئەدەبىياتى» شانلىق يىگىرمە يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دەۋرىمىز مۇئەللىپلىرىگە ئۆزىنىڭ يۈز سانىنى تەقدىم ئەتتى. بۇ، قەشقەر خەلقىنى شادلاندۇرىدىغان، خاسىيەتلىك چوڭ ئىش. بىز بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنى تەبرىكلەيمىز. ژۇرنالنىڭ مۇشكۈل خىزمەتلىرىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان مۇھەررىرلەرگە، ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلگەن رەھبەرلەرگە، ھەر ساھە خادىملارغا چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى، مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا مەيدانغا كېلىپ ۋە ساغلام راۋاجلىنىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىنى بىر نۇرلۇق چىراغ بولۇپ يورۇتتى. ئۇ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات — سەنئەت لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئىناقلىق، مۇقىملىق ئاساسىدىكى بەختىيار تۇرمۇشىغا ئىلھام بېرىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئۇتۇقلارنى مەدھىيىلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەشچان روھىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ گۈللىرى بىلەن خەلقنىڭ روھىي زېمىنىغا خۇشپۇراق چاچتى. ئۇ، قەشقەردىكى كەڭ يازغۇچى، شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسىگە ئايلىنىپ، بىر تۈركۈم ئىقتىدارلىق ياش

كۈچلەرنى بايقاپ، تەربىيىلەپ، يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ بۇ ئۇتۇقلىرى بىلەن پەخىرلىنىمىز ۋە باركاللا ئېيتىمىز.

بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يىگىرمە ياشقا تولغانلىقى ۋە يۈز سان نەشىر قىلىنغانلىقى خاتىرىلىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى شانلىق نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يەنىمۇ گۈللەپ ياشنىشىنى، بۇلبۇلدەك قوش ئاۋاز سايرىشىنى، خۇددى كەۋسەر بۇلاقتەك خەلقنىڭ مەنىۋى تەشنالىقىنى قاندۇرۇشىنى، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن يەنىمۇ تاتلىق شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم ئېتىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

**«قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى**

1991- يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

## «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:

ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلگەندەك، ژۇرنالىستلارنىڭ قەدرىنىمۇ ھەم ژۇرنالىستلار ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ژۇرنالچىلىقتا يۈز سان ژۇرنالنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش، يۈز قېتىم يىڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندىنمۇ تەس ئىش بولسا كېرەك.

يۈز سان ژۇرنال چىقارغانلىقىڭىزلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. يەنە شۇنداق مۇۋەپپەقىيەت بىلەن يۈز سان ژۇرنال چىقىرىشىڭىزلارغا سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 22 - ئاپرېل

## دوستانە تەبرىك

**«قەشقەر ئەدەبىياتى » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە :**

پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ يەتمىش يىللىقى ھارپىسىدا ژۇرنىلىڭىزلارنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۈز سان چىقىرىلىپ، بۇ شانلىق بايرامغا سوۋغا قىلىنغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

ژۇرنىلىڭىزلار نەشىر قىلىنغان يىگىرمە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، قەشقەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرۈشكە پائال تۆھپە قوشتى. مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، شەكلى مىللىي بولغان كۆپ خىل ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلدى، ئاپتورلار قوشۇنىنى تەشكىللەش ۋە يېتەكلەشكە ئاكتىپ كۈچ چىقاردى.

AltunOq

بىز ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ يۈز سان چىقىرىلغاندىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىڭىزلارغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

هۆرمەت بىلەن:

**«قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

1991 - يىل 18 - ئاپرېل

## «ئۈمىد» نىڭ تەشەككۈرى

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشىر قىلىنغاندىن بۇيان، ھازىرغىچە يىگىرمە يىللىق جەڭگىۋار، شانلىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنچى سانىنى كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. يىگىرمە يىل مابەينىدە، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپخىل سەھىپىلىرىدە يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ كۆز قاماشتۇرىدىغان نادىر ئەسەرلىرىنى، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ، جاھان ئەدەبىياتىنىڭ ئاجايىپ ئېسىل دۇردانىلىرىنى كەڭ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن قەشقەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش، زورايتىش، ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك دوستى ۋە يېتەكچىسىگە ئايلاندى.

شىنجاڭدىكى ياش ھەۋەسكارلار قوشۇنىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان ئۇيۇشمىمىز مەزكۇر ژۇرنالنىڭ يېتەكلىشى ۋە پەرۋىش قىلىشى ئاستىدا زور بىر تۈركۈم ياش قەلەمكەشلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇردى. بىز ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، تەشنا ئى، ئابابەكرى تۇيغۇن، ياسىن نىياز، ئەنۋەر مەتسەيدى، تۇراپ دايىم، قۇربان ئەمەت، مۇتەللىپ خۇرسەندى، مۇقارىپ يەھيا، ئادالەت ئابدۇرېھىمگە ئوخشاش ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ؛ تەلئەت ئاتاۋۇللا، ساداقەتجان ھاجى، تۆمۈر قادىر، رۇشەنگۈل تۇرسۇن، ياسىنجان ئوسمان، پاتىگۈل مۇھەممەت، گۈلبوستان ئابدۇرېھىم، غەيرەت ھوشۇر، غاپپار تەۋەككۇل، ھۈسەيىن تاش، ئابلاجان بوۋاقى، ئۆمەرجان سىدىق، كۈرەشجان ھۈسەيىنگە ئوخشاش ئۈمىدلىك ھەۋەسكارلارنىڭ سەمەرىلىك ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن جامائەتكە تونۇلۇشىنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئانىلارچە مېھرىبانلىقىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز. ئەگەر « قەشقەر ئەدەبىياتى » دىن ئىبارەت بۇ مۇنبەت تۇپراق بولمىغان بولسا « ئۈمىد » تىن ئىبارەت بۇ مايسا بۈگۈنكىدەك زور مول ھوسۇللارنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن، ئۆزىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى تارىخىي مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان بولاتتى. « ئۈمىد » — ئۆز ئەزالىرىنىڭ نامىدا ئېلان قىلىنغان ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش تۆت پارچە ئەسەرنىڭ شان - شەرىپىدىن پەخىرلىنى-

گىنىدە تولۇپ ـ تاشقان تەشەككۇرى ۋە رەھمىتىنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت بۇ كۆيۈمچان ئانىغا، ئۇنى ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ ئەتكەن مۇھەررىر تاغىلارغا، ئىنا بۇرچەكلارغا بېغىشلايدۇ.

«ئۈمىد» نىڭ ئەزالىرى — پېشقەدەملەرنىڭ ئىزىنى باسقۇچىلار، تۈنۈگۈن بىلەن ئەتە ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك، كېلەچەكنىڭ قۇرغۇچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۇنىڭدىن كېيىن ياش كۈچلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىمىزنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ؛ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ سۈپەتلىك چىقىرىلىپ، ئەدەبىيات سەنئەت گۈلزارلىقىمىزدا ئۆزگىچە رەڭدارلىقى بىلەن جۇلا قىلىدۇ!...

**قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى «ئۈمىد» ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى**

1991 ـ يىل 15 ـ ئاپرېل

## تەبرىك خەت

**«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە:**

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يىگىرمە يىلدىن بېرى ئېلان قىلغان يۈز سانىغا باركالا ئېيتىش بىلەن بىرگە، يىگىرمە يىلدىن بېرى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرگەن تەھرىرلەرنى، ئاپتورلارنى ۋە ھەۋەسكارلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يىگىرمە يىلدىن بېرى نەشىر قىلغان يۈز سان ژۇرنىلىدا مەزمۇنى مول، ئىدىيىسى ساغلام، كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۆزىگە خاس بەدىئىي تۈس ئالغان ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن كەڭ كىتابخانلارغا مەنىۋى ئوزۇق ۋە ئىستېتىك زوق بەخش ئەتتى ھەمدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشتى، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ژۇرنال سەھىپىسىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋر روھىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن يېڭى دەۋر ئىجادىيەت سەۋىيىسىگە يېقىندىن ماسلاشتى ۋە يەرلىك ژۇرناللار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلدى. بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇندىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ گۈللەندۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىنى، يەنىمۇ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«قومۇل ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى**

1991 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى

# يۈز سان مۇبارەك

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## پامىر تۇلپارىغا

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نەشرىنىڭ يۈز سانغا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

قۇتلايمەن سېنى ئەي پامىر تۇلپارى،
يۈزىنچى مەنزىلىڭ، يۈز پەللەڭ بىلەن.
ھەر داۋان ئاشقاندا قالغان ئىزىڭدىن،
تارىخقا قوشقان يۈز سەھىپەڭ بىلەن.

بىر تامچە سۇدىمۇ ئەكس ئېتەر قۇياش،
سەن گويا پامىرنىڭ جاھاننەماسى.
سەن بىلەن يۈز قېتىم ئاڭلاندى ئەلگە،
قەشقەر راۋابىنىڭ نادىر ناۋاسى.

يۈز پەللەڭ گوياكى بولدى يۈز باھار،
يۈز قېتىم قوۋۇشتى، بۇلبۇل بىلەن گۈل.
بەرق ئۇرۇپ قوينۇڭدا يۈز تۈمەن چېچەك،
چاچتى خۇشپۇراقىن رەيھان-سۇنبۇل.

يۈز پەللەڭ گوياكى بولدى يۈز ئەينەك،
نامايان ھەر ئاندا زامان سىماسى.
گاھ كۈلكە، گاھ يىغا، گاھ سۆيگۈ-نەپرەت،
جاراڭلاپ ھەقشۇناس دىل تەرانىسى.

تىلەيمەن ئەي پامىر تۇلپارى سېنىڭ،
پۇتۇڭغا كۈچ-قۇۋۋەت، كۆزلىرىڭگە نۇر.
پەللىدىن-پەللىگە ئۆرلەپ يەنە سەن،
ۋەتىنىڭ شەنىگە شان-شەرەپ كەلتۈر.

1991-يىل، 13-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

تۇردى سامساق

## قەشقەر گۈزىلىگە

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يۈزىنچى سانى مۇناسىۋىتى بىلەن)

1

سالام ساڭا قەشقەر گۈزىلى،
يۈرىكىمدە ئىشقىڭ غەزىلى.
سىرلىرىڭنى سۆزلەپ بەر ماڭا،
كەل، بۇ باغدا بىللە كېزىلى.

كەل، ئەزىزىم، ھېيىقما مەندىن،
مەيلى، ياپقان يۈزۈڭنى ئاچما.
ئۆتۈنۈشۈم، ئۈمىدىم سەندىن،
كۆرۈپ مېنى ياتسىراپ قاچما.
قاچما مەندىن،
قاچما قېرىنداش...
قاچمىغىل ئەي ئامراق ھەمشىرەم.
ئۆز كىشىڭمەن، ئۆزپۇشتۇڭ قانداش،
يات ئەمەسمەن ياكى نامەھرەم؛
ئىشەنمىسەڭ ئىچەيمەن قەسەم،
بولالمايسەن نېچۈن خاتىرجەم؟!...

2

ئەجەب!...
مېنى كۆرگىنىڭ ھامان،
يۈز - كۆزۈڭنى چۈمكەپ قاچىسەن.
ئويلىرىمغا ئوتلارنى يېقىپ،
ۋۇجۇدۇمغا ھەسرەت چاچىسەن.

ۋاھ ئەجەبكى، قورقۇپ قاچقىدەك،
مەندە قانداق قەبىھ قىسمەت بار؟
يا يۇقۇملۇق كېسەل ۋەھىمىدەك،
يىرگىنىشلىك قانداق ئىللەت بار؟!...

بىلەلمەيمەن سىرلىرىڭنى مەن،
ئەمما جاندىن سېنى سۆيىمەن.
مەيلى بىلسەن ۋە مەيلى كۈلسەن،
پىراقىڭدا ھەر دەم كۆيىمەن...

ئەپسۇس، سېنىڭ قاچقىنىڭ قاچقان،
قاچان كۆرسەم يۈزۈڭنى توساپ.
بۇ سىرلارنى ئاچ ئەي مۇسۇلمان،
قىيىنداشلىق نېمىگە ھېساب؟!...

3

سەنمۇ ئادەم ۋە مەنمۇ ئادەم،
قېچىشىڭغا بولمەن ھەيران.
ھەيرانمەنكى، قورقۇپ قاچقىدەك،
مەن ئەمەسقۇ يىرتقۇچ بىرھايۋان؟!...

يا ئەمەسمەن ياۋۇز بىر دۈشمەن،
سېنى بۇلاپ، ئېلىپ كەتكۈدەك.
ۋەيا چەكسىز ئاپەت يەتكۈزۈپ،
بار ۋەسلىڭنى بەربات ئەتكۈدەك.

ھەيرانمەنكى، ھەيرانمەن - ھەيران،
ھەيرانلىقتا بولايمۇ ۋەيران؟!...
قېچىشىڭنى...
ئۆز پۈشتۈم تۇرۇپ،
ھەر ئويلىسام ئۆرتىنەر ۋىجدان.

4

سەنمۇ ئادەم ۋە مەنمۇ ئادەم،
نېمە شۇنچە شورلۇق ئارىمىز؟
يا شورلۇقتا تەۋەللۇت قىستاپ،
تۇغقانمىكەن تۇنجى ئانىمىز؟!...

5

ئارىمىزدا ئاداۋەتلەر يوق،
ئەمما، باردۇر «ئىپپەت» بايانى.
قوغداش ئۈچۈن نائىنسابلاردىن،
نومۇس، ئەخلاق، شەرمى - ھايانى.

ئۇلۇغلايمەن سېنىڭدەك جانان،
مۇقەددەس ئەخلاقنى، نومۇسنىمەن ھەم.
ھە، شۇ جاندا مەۋجۇتلۇقىدىن،
مۇقەددەستۇر جاھاندا ئادەم.

6

ئادەملىكتە ياشاپ بارىمىز،
ئەي! ... ئەجەبقۇ بىزنىڭ ئارىمىز؟...
ئارىمىزدا: بوز يەر ئاچقىدەك،
كەڭرىپ بارار شورلۇق ئالىمىز.
ئالالارغا قاچان ۋە قاچان،
«ئىبرەت» ماركىلىق ساپان سالىمىز؟!

7

ھە، ئادەممىز...
ياشىماقتىمىز...
جاي بولۇپتۇ جانلارغا جاھان.
ئالەم ئىشى بىلسەڭ ئەي گۈزەل،
ھەر ئاقىلغا ئالىي ئىمتىھان.

1991 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

**جاپپار ئەمەت**

# سەھىپەڭنى ۋاراقلىغاندا

— «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈزىنچى سانىغا بېغىشلايمەن

سەھىپەڭنى ئېچىپ،
باقتىم كۆز تىكىپ،
ئالدىمدا بىر گۈلزار بولدى نامايان.
قۇرلىرىڭ يۇلتۇزدىن تاپقاندەك تەركىب،
جىمىرلاپ، شولىلار چاچتى ھەر تامان.

شۇ قەدەم ئاستانە، شۇ قەدىم دىيار —
قەشقەرنىڭ نامىغا باغلانغان نامىڭ؛
قەلبىمگە نەقىشتەك ئويۇلدى مىڭ بار،
قۇيۇلدى يۈرەككە شەربەتتى جامىڭ.

تۈمەن دەرياسى ئۆركەشلەپ ئېقىپ،
گۈلزارنى سۆيگەندەك ئىللىق بىر سابا؛
قىزلىرىڭ گوياكى ئاي كەبى بېقىپ،
باغرىمنى سەگىتىپ، دېدى: مەرھابا!

سۇلىرى جىمىرلاپ ھاي - ھاي بۇلاقنىڭ،
ۋادىلار قوينىغا ئاققاندەك بولدى.
قىرلىرى داۋالغۇپ گۆھەر تۇپراقنىڭ،
باغرىنى باغرىمغا ياققاندەك بولدى.

كۆزۈمنى ئۈزەلمەي قۇرلىرىڭدىن ھېچ،
خىيال دەرياسىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.
قەلبىمنى غىدىقلاپ ئىللىق سۆيۈنچ،
شەنىڭنى ئۇلۇغلاپ قوشاققا قاتتىم.

ئېھ، قەشقەر! سۆيۈملۈك قەدىمكى شەھەر،
سەن شېئىر گۈلزارى، ئىجاد گۈلزارى.
قوينۇڭدا ئىجادتىن نۇر چېچىپ گۆھەر،
گۈللىگەن تارىخنىڭ كۆكلەم - باھارى.

سەن ئىدىڭ ئەزەلدىن ئىجاد بېغىنىڭ،
خۇشپۇراق گۈللەرگە تولغان بوستانى.

سەن ئىدىڭ مەرىپەت نۇر چىرىغىنىڭ،
لاۋۇلداپ، چوغلىنىپ تۇرغان گۈلخانى.

باغرىڭنى قۇچاقلاپ ئۆتكەن سېنىڭدە،
قانچە كۆپ ئالىملار، ئەدىب - شائىرلار؟
ياراتقان تارىختا بىر يېڭى پەللە،
ھۆسنۈڭگە جاۋاھىر قوشۇپ ماھىرلار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھەر مىسرا - قۇرى،
مەھمۇت قەشقىرىنىڭ دىۋان لۇغىتى؟
خەلقىمنىڭ بىباھا ئېسىل گۆھىرى،
تارىخنىڭ قامۇسى ئۇنىڭ ھەر بېتى.

نىزارىي، گۇمنام... نىڭ شېئىرلىرىدە،
كۈيلەنگەن ئىنسانى ئۇلۇق مۇھەببەت.
قۇياشتەك چاقنىغان پىكىرلىرىدە،
ئۇلۇغۋار غايىلەر تاپقان كامالەت.

ئاھ، ئۇ چاغ بولمىغاچ سەندەك بىر ژۇرنال،
بۇ ئۇلۇغ ئەسەرلەر چاپ بولمىغان.
كۆچۈرۈلۈپ قوللاردىن - قوللارغا دەرھال،
بولۇپ چوڭ تەۋەررۈك، ساقلىنىپ قالغان.

شۇ ئۇلۇغ ئەجدادلار يۇرتىدا بۈگۈن،
ئاچقاچقا سەن يېڭى ئۇلۇغ سەھىپە؛
ماھىرلار كۆرسەتتى ئاجايىپ ئويۇن،
سەن بولدۇڭ ئۇنىڭغا ئازادە سەھنە.

سەن بولۇپ بىر باغبان، قىلىپ پەرۋىرىش،
ئۆستۈردۈڭ قانچىلىك شائىر - ئەدىبنى؟
تەربىيەت بابىدا قىلىپ كاتتا ئىش،
ئۇلىدىڭ تارىخقا بىر قىزىل يىپنى.

Altunoq

يېتىشتى بىر ئەۋلاد يېڭى ئىجادكار،
ئەجدادلار ئىزىنى بېسىپ، ئۇلغىيىپ.
يۈز ئېچىپ قوينۇڭدا بىر يېڭى باھار،
ياشنىدى رەڭمۇ رەڭ گۈللەرگە تولۇپ.

ھەر قېتىم ۋاراقلاپ ئاچسام سەھىپەڭ،
بىر تالاي ياشلارغا چۈشىدۇ كۆزۈم.
جانلىنىپ ئالدىمدا سېنىڭ بۇ تۆھپەڭ،
ئىزباسار دوستلارغا كېلىدۇ زوقۇم.

شۇڭلاشقا سەن سەنئەت بېغىمىز ئىچرە،
بىر پارچە چوڭ ئېتىز، گۈللەر ئۈستۈرگەن.

مۇشۇنداق ئېتىزلار قوشۇلۇپ بىرگە،
بولماقتا مىللەتنىڭ باھارى گۈلشەن.

سۆز ئاچساق ئەدەبىي باھار ھەققىدە،
نامىڭنى ئالمىز تىلغا ھەر قاچان.
سۆز ئاچساق بۇ رەڭدار گۈلزار ھەققىدە،
سەنمۇ شۇ گۈلزاردا قىلمىسەن جەۋلان.

مۇبارەك! يۈزىنچى سانىڭغا بۈگۈن،
سەھىپەڭ نۇر چېچىپ، كۈلسۇن تېخىمۇ!
مۇبارەك! گۈل باھار چاغىڭغا بۈگۈن،
گۈللىرىڭ خۇشپۇراق چاچسۇن تېخىمۇ!

1991 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

**ئابدۇللا تالىپ**

# باھار ۋە مۇھەببەت

(سونېت)

I

تەبىئەت ھۆسنىدە رەڭدار پايانداز،
كۆڭۈلگە سۆيۈنچى يەتكۈزۈپ باھار؛
گۈللەردە ئوينىشار ئۆدەك بىلەن غاز،
سايرىشىپ بوستاندا بۇلبۇل زۇقلىنار.

مەھبۇبلار باشلىغان دالا سەيلىسى،
قەلبىدە يالقۇنجاپ شېرىن تۇيغۇلار؛
كۆكەرگەن قىرغاقلار، ئېدىر جىلغىسى،
سابادا نازۇك تال يۇمران تولغىنار.

باھاردا كۈلىدۇ ئۈمىد چولپىنى،
كۆك ئاسمان، يېشىل يەر كۆرۈنەر تۇتاش؛
ئۇچرىماس ھېچيەردە كۆك مۇز قورغىنى،
كۆڭۈللەر بولىدۇ ئازادە سىرداش.

ئىخ باھار سۆيۈنەر سەندىن تەبىئەت،
ئېچىلىپ قىزىلگۈل قاينار مۇھەببەت.

II

چىمەنلىك ئىچىدىن چېغىر يول بويلاپ،
كۆرۈندى يىراقتىن بىر جۈپ يىگىت-قىز.
بىر شېرىن ئارزۇنى كۆڭلىدە ئويلاپ،
مېڭىشار پەللىگە ئايلىنىپ ئېتىز.

تاللارنى ئارىلاپ قۇشلار ئۇچۇشۇپ،
باھارنىڭ پەيزىدىن سۇرەتتى ھوزۇر؛
ناخشىلار ياڭرىتىپ شادلىققا تولۇپ،
بىر ئوتلۇق ھېسلاردىن بېرەتتى ئۇچۇر.

يىگىتتە ئېيتىلىش بولدى شۇ چاغدا،
تەلپۈنۈپ مەھبۇبقا قىلدى بىشارەت؛
(دېدى ئۇ، كۆڭۈللەر قالمىسۇن داغدا،
باھاردەك ياشارسۇن بىزدە مۇھەببەت).

باھاردا چېلىنار بوستان ئارا ساز،
ئۇرغۇتار مۇھەببەت باھار بىلەن ياز.

III

بىراق، قىز قارايتتى داستان قۇرىغا،
(ئۈزىگە تەڭ ياشلىق ژۇرنالنى تۇتۇپ)؛
مەسلىكى كېلەتتى ئۆسكەن بويىغا،
شاد ئىدى ھەم ئۆسكەچ ئەقلىي زورىيىپ.

تاللىقتا مەھبۇبلا ئۆزۈن توختاشتى،
ئۆز ئارا ھۆسنىگە تويۇشماي قاراپ؛
قىزىشقان قوللىرى مەھكەم چۈپلەشتى،
تەلپۈنگەن كۆزلەرمۇ ئېلىشتى جاۋاب.

مەۋسۇمنىڭ گۈزەل ۋە دىلكەش بىر چېغى،
ئوينالدى باھاردا كۈتۈلگەن بىر توي؛
شادلىقتا پۈركەندى مۇھەببەت بېغى،
چىن سۆيگۈ كۆڭلىدە بولمايدۇ غەم-ئوي.

مۇھەببەت يارقىنى سەن سېخى باھار،
سەن بىلەن مۇھەببەت قەلبى ياشىرار.

1991 - يىل 10- ئاپرېل، ئۈرۈمچى

سۆزۈك

## قوينۇڭ گۈلشىنى — ئەدىبلەر سورۇنى

ئۆتكىچە يىگىرمە يىل يۈز مەررە كۆزگە كۆرۈنۈپ،
ئەلگە يۈز مىڭلاپ تارالدىڭ، كەتتى دىللار سۆيۈنۈپ.
بولدى روشەن ھەر قېتىم يۈز ئاچقىنىڭدا كۆزىمىز،
چۈنكى يۈزۈڭ شەمئىدەك تۇرغاچقا بىزگە نۇر تۆكۈپ.
خىلمۇ خىل ژانىرلىرىڭ ئارتتۇردى ھۆسنۈڭنى سېنىڭ،
باغى بولدۇڭ ئاممىنىڭ ھەر رەڭدە گۈللەر كۈلدۈرۈپ.
بولدى قوينۇڭ گۈلشىنى بۇلبۇل - ئەدىبلەر سورۇنى،
دەۋرىمىز مەدھىيىدە ئۇ، كەتتى ناۋالارغا تولۇپ.
روھىي كۈچ بەخش ئەيلىدى شېرىن سۆزۈڭنىڭ لەززىتى،
بۇ مالاھەت پەيزىدىن كۆز ئاچتى دىللار ئويغىنىپ.
ئالدىڭ يىللار قوينىدىن گەۋھەر - ئۈتۈقلارنى قېزىپ،
بولدى شاد دوستلار ئاڭا قالدى رەقىبلەر تولغىنىپ.
بۇ ۋەتەنداشلار ساڭا دائىم تىلەر ئىزگۈ تىلەك،
دەۋر يولىنى ئاچتى داغدام، نۇر ھەمىشە يۈكسىلىپ.
بۇ سۆزۈك يازدى سېنىڭ مەدھىيىڭدە ئاددىي بىر غەزەل،
بىلمەن پەخرىم ئەگەر قالسا ساڭا مەقبۇل بولۇپ.

1991 - يىل 4 - ئاي، يەكەن

ئەخمەت پاسار

## جاھان ساڭا مۇشتىرى

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يۈز سان چىققانلىقىنى مۇبارەكلەپ)

«قەشقەر...» ئەدىبلەر مۇنبىرى، تەشنا كۆڭۈلنىڭ دىلبىرى،
كۆرسەم سېنى كۆرگۈم كېلۇر، ئەقلىم ساڭا بەك خۇشتىرى.
جىسمىڭدا چاقنار رەڭمۇ رەڭ كۆركەم ئىجادنىڭ جەۋھىرى،
جۇغلاپ ئەدىبلەر مېھرىنى، قىلدىڭ جاھاننى مۇشتىرى.

سىنى ۋاراقلاپ ئوقۇسام، تارىخ چىراغى يانىدۇ،
قەشقەرىيە ئايان بولۇپ، ئەجداد چىرايىن ئاچىدۇ.
مۆجىزە ـ سەنئەت پىرى دىلنى قوچاقلاپ ئالىدۇ،
بەت ـ قۇرلىرىڭدا كۈلىدۇ، ئالىم «خاس ھاجىپ»، «قەشقىرى»... (1)

سەن قەشقىرلەر دىلىنى بولدۇڭ كۆرۈشكە ئەينىكىم،
مەردلەر ئىجادىي ئەجرىنى بولدۇڭ بىلىشتە ئۆرنىكىم.
زامانىي زىكرىڭ شامىدىن نۇر ئالدى ئەقلۇ ئىدرىكىم،
سالغان ئىگىمىغا سۈرىتىڭ كەتمەس دىلىمدىن تاشقىرى.

گۈلزار سەھىپەڭ ـ يۈزجىلد قايناام ھاياتىنىڭ پارچىسى،
مىڭلاپ قەلەمكەش جىسمىدىن تامغان ھالال تەر تامچىسى.
قەشقەرنى تونۇيدۇ جاھان، بولغاچ سىنىڭدەك جارچىسى،
ئەرزىيدۇ قۇتلاپ تويۇڭنى چۈشسەك ساماغا ياش ـ قىرى.

1991 ـ يىل 4 ـ ئاي، بېيجىڭ

مۆمىن سەپىرى

## يۈرەك سۆيگۈسى

( « قەشقەر ئەدەبىياتى » نىڭ نەشىر سانى يۈزگە يەتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن)

گۈل بار ھۆسنىڭ قىزىلگۈلدەك گۈزەل قەشقەر،
كەلدىڭ بەلەن ياڭرىتىپ ساز، غەزەل قەشقەر.

تەشنا يۈرەك ئىچىپ قانار ئابى كەۋسەر،
گۈل بېغىڭدا سايرار بۇلبۇل ھەر تاڭ سەھەر.

يېڭى باھار گۈل قوينىدا كۆردۈم سىنى،
گۈل ھۆسنىڭگە ئاشىق بولۇپ سۆيدۈم سىنى.

مۇڭلۇق ئىسىل راۋابىڭنى چېلىپ كەلسەڭ،
كۆڭلۈم تاغدەك ئۆسەر دىلدار كۈلۈپ كەلسەڭ.

ھۆپپىدە گۈل ئېچىل مەڭگۈ گۈل رۇخسارىم،
سىنى گۈللەپ نۇرلاندۇرۇش دىل قارارىم.

1991 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

(1) يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرىي.

تۇردى سوپى

# شېئىرلار

## قەشقەر قىزىغا

دەردكە قويدۇڭ ئاخىرى، چىن يار دەپ يۈرسەم سېنى،
ئارمىنىم قالماس ئىدى، قانغىچە سۆيسەم سېنى.

× ×

بۇلبۇل بولۇپ ھەر ۋاقىت، قونسام گۈلۈڭنىڭ شاخىغا،
بىر چىرايلىق گۈل قىلىپ، قىسسام قۇلاقىمغا سېنى.
كەلسەڭ گۈلۈم مېھمان بولۇپ، دىل ئۆيۈمگە بىر كېچە،
سەندىن مۇراد ھاسىل ئىدى، ئالسام قۇچاقىمغا سېنى.

سەن ئۇياقتا، مەن بۇياقتا، ئارىدا تەڭرى تېغى،
ئاي ئۆتۈپ يىلغا ئۆرۈلدى، كۆرمىدىم قېنىپ سېنى.
نېسىپىدۇر ھەر كىمگە دوستلار، بۇ ئۆمۈرلەر ئۆتكىلى،
كۆرەلمىدىم — كۆرەلمىدىم، بىر ئۆمۈر يېنىپ سېنى.

ساپتۇ پەلەك بۇ ئىشقنى، مەن كەبى مەجنۇنىغا،
ئىككى ئالەم رازى ئىدىم، بىر كۆرۈپ قالسام سېنى.
«بىر ناھان تاۋكەر ئىچىدە، بەنت بولۇپ قالساڭ ئەگەر،
قىپقىزىل قاننى كېچىپ قايتۇرۇپ ئالسام سېنى».

مەنغۇ كەزدىم سەن ئۈچۈن، جۇنۇن كەزگەن دالىدا،
شۇندىمۇ بىر كەلمىدىڭ، تەلمۈرۈپ كەتسەم سېنى.
بۇ جاھاندا بارمىدۇ، سەنچىلىك ھۆسنى گۈزەل،
لەۋلىرىڭنى جام قىلىپ، مەي بىلەن يۇتسام سېنى.

قاپقارا كىرپىكلىرىم كۆزلىرىمگە سايىۋەن،
شول كۆزۈمنىڭ قارىسى — گۆھىرى دەيمۇ سېنى.
مەڭزىڭ قىزارغان ئالمىدەك، تالى مەجنۇن بويلىرىڭ،
باغدىكى مەي باغلىغان ئەنجۈر دەپ يەيمۇ سېنى.

1986- يىل سېنتەبىر، قەشقەر — ئاتۇش

## تەبىئەتكەن ئۇستا رەسسام

ئەسلى چىرايى يېتىشمىگەندەك،
پەزىلەر يۈزىگە بوياق سۈركىتەر،
پەدازنىڭمۇ بار ئۆزگىچە رولى،
سەتنى پەرىزات ئايدەك كۆرسىتەر.

تەبىئىي چىراي كۆرۈنەر ئىللىق،
سۈنئىي چىرايلار بىردەمدە ئۆچەر.

قاشتىكى ئۇسماڭ تۇرمايدۇ ھەپتە،
بۇگۈنى قويساڭ ئەتىسى كۆچەر.

سەن تەبىئەتتىن تالاشما چىراي،
چۈنكى ئۇنىڭدىن ئۇستا رەسسام يوق.
تەبىئەت ئۆزى ياسىغان قولدا،
بايا سەن كۆرگەن كىرپىكلىرى ئوق.

ھەممە گۈزەللىك تەبىئەتتىكەن،
دەريالار، تاغلار، ئېدىرلار – سايلار.
شۇندىن ئاپىرىدە بولغان مەۋجۇداد،
ھەمدە خۇلقى ناز چىرايدا ئايلار.

ئاشۇ تەبىئەت ئادەمنى قانداق،
چىقارغان قايسى قېلىپتا قۇيۇپ؟
قاش بىلەن كۆز، ئېغىز – بۇرۇننى،
قوندۇرغان نەپىس چىرايلىق ئويۇپ.

تەبىئەت شۇنداق ئۇستا رەسسامدۇر.
بارچە ئەقلىمنى ئۆزگە قاراتقان.
رەسسام شەكلىدىن ئوبراز ياراتسا،
ئۇنى تەبىئەت تىرىك ياراتقان.

گۈزەللىكنىڭمۇ بولۇر مەزگىلى،
ياشلىقىڭ كەتسە ئۇمۇ تەڭ كېتەر.
كالپۇكىڭ بوياپ يۈرمىگىن جانان،
مۇشۇ چىرايىڭ كەتكىچە يېتەر.

يېسەڭ شۇنچىلىك پۇراقلىق – تەملىك،
ئەجەب ئوخشايدۇ يالپۇزدا پۇرە.
مەرىپەت – پەندىن ئالغىن تەم – پۇراق،
يالتىرىسۇن ئىچىڭ سىرتىڭدىن كۆرە.

× ×

ھەر چېچەك ئۆزىنىڭ بەرگىدە گۈزەل،
دېمىگىن ئۇنى شېخىدىن يىراي.
مەڭگۈلۈك ساڭا ۋاپادار دوست،
تەبىئەت بەرگەن ئاشۇ ساپ چىراي.

1990 - يىل ماي، غۇلجا

## تۆرتلىكلەر

گۈلۈڭگە گۈل بولۇر، ھۆسنۈڭگە خال،
دوستنىڭ دىلى بىلەن تىلى بىر بولسا.
كىشىنىڭ قەلبىنى ئازابلار ۋىجدان،
ئەگەردە دوستۇڭنىڭ دىلى كىر بولسا.

× ×

يارامىلىق دوست كېرەك، بىزگە سەپەردە،
يولدا قوشۇلغانلار بولالماس يولداش.
مەنزىلگە يەتمەي قالارسەن يولدا،
بولمىسا ۋاپالىق ھەمرايۇ قولداش.

× ×

ناشتىلىق نېنىڭ بولمىسا كاتتا،
يامانلاپ كېتەر ئۆيۈڭدىن چاشقان.
دوستۇڭ ئەمەس، ئۇ سۇنئىي ھېجىيىپ،
تويۇڭنى ئويناپ، قايغۇڭدىن قاچقان.

× ×

دوستتىن ئاغرىنغان چاغلىرىم كۆپتۇر،
ئۆتكەن ئۆمۈرگە تاشلىسام نەزەر.
بىر كۈن پوستۇڭغا تىقاركەن سامان.
ئىشەنچىسىز دوستتىن قىلمىساڭ ھەزەر.

1989 - يىل، نويابىر، غۇلجا

ئابدۇرېھىم توختى

# شېئىرلار

## ئۆلمەسەم دەيدۇ

ئۆلمەسەم دەيدۇ، كىشى يار ۋەسلىگە يەتمەي تۇرۇپ،
لېكىن ۋىسال مۇمكىن ئەمەس، شەرتىنى ئادا ئەتمەي تۇرۇپ.

AltunOq №3

بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىدا يانىمغا كەل دەپ زارلىمىساڭ،
قايرىلىپ باقماس ئىكەن، سەن بوينىنى ئەگمەي تۇرۇپ.
نازى ئىستىغناسى باردۇر، ئاغرىنما ياردىن ئالدىراپ،
سىناپ كۆرەي دىمەكچىدۇر چىراي ئىچىپ كۈلمەي تۇرۇپ.
كەلسە جانانىدىن جاپا ۋاي، دىيىش نامەردچىلىك،
يەتمىگەن جانانغا ھىچكىم جانىدىن كەچمەي تۇرۇپ.
يورۇسا قەلبىڭ يولى چىن مۇراد شەمئى بىلەن،
تۈندە ماڭغاندەك ماڭارسەن تاغنى مەنسىتمەي تۇرۇپ.
دۇررى ـ گۆھەر دەيدۇ، ئەمما ئەندىكەر بىر تامچىدىن،
دۇر سۈزۈش مۇمكىنمىكەن سۇ قەئرىگە چۆكمەي تۇرۇپ.
ھەممە مۇشكۇللەر سىرىنىڭ ئاچقۇچى پەن قوينىدا،
يالچىماس ھەرنە ئىشىڭ مۇشكۇل سىرىن يەشمەي تۇرۇپ.
بىلگىنىڭ چەكلىك، لىكىن بىلمەيدىغانىڭ بەكمۇ كۆپ،
بىلگىنىڭ بىلگەن ئەمەس ئۆزۈڭنى كەم بىلمەي تۇرۇپ.
مۇراد ئىستەيدۇ راستلىقتىن مۇرادقا چىن كۆيۈنگەنلەر،
«بۇ چوقۇم سەككىز» دىمەس سانىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ.
ئەل سىيىنى ھۆرمەتلىسۇن ئىجادىيەت ـ تۆھپەڭ بىلەن،
كۈتمە ھۆرمەت ئىلىگگە كۆپ پايدا يەتكۈزمەي تۇرۇپ.
ھەر كىشىنىڭ ھەققىدە بولسۇن ئادالەتلىك باھا،
كەلسە ـ كەلمەس جۆيلىمە ئەقلىڭنى ئىشلەتمەي تۇرۇپ.
ناگىھان كەلسە بىراۋغا بىر يامان پېشكەلچىلىك،
يوق ۋابال ئولسە ئەگەر ھىچ چارە ئىزدەنمەي تۇرۇپ.
بىر نەپەس ئالغۇنچە داخ قىممەت سۇلايمان تەختىدىن،
بىر نەپەس قەدرىگە يەتكەن پىكىر ئىتەر ئۆلمەي تۇرۇپ.
توغرىلىق، راستلىق تىلەيسەن ئۆزۈڭدە بار، يوق بىلەمسەن؟
ئالغا يۈر دەيسەن بۆلەكنى سەن ئۆزۈڭ يۈرمەي تۇرۇپ.
گەر قولۇڭدا بولسا چەكسىز ئىختىيار ئەيلەر ئىدىڭ،
بىر قاچا ئاق سۈتنى خالىس ئىككىگە بۆلمەي تۇرۇپ.
تۇغقىنىڭ، ھەم يۇرتلىقىڭ، دوست، ئاغىنەڭ ياكى يات،
ئىبىيىنى ياتتا قويۇرسەن تىخى تەكشۈرمەي تۇرۇپ.

## تەلمۈرەي

بىر ئۆمۈر كۆزۈمنى ئۈزمەي شەھلا كۆزۈڭگە تەلمۈرەي،
باشقىغا تەلمۈرتمىگىن بىرلا ئۆزۈڭگە تەلمۈرەي.
دىلكەش ئاۋازىڭ ئاڭلىسام تەنلىرىم يايراپ كېتەر،
يېڭى جان بەخش ئەتكۈچى شېرىن سۆزۈڭگە تەلمۈرەي.

ئۆتتى شۇ يولدىن دىسە قايتىپ كېلەر دەپ كۆز تىكىپ،
تۇپرىقىنىڭ سۈرتۈپ كۆزۈمگە باسقان ئىزىنگە تەلمۈرەي.
ئاي جامالىنىڭ نۇرىدا كۆڭلۈمدە غەشلىك قالمىسۇن —
بىر ئۆمۈر كۆزۈمنى ئۈزمەي ئايدەك يۈزۈڭگە تەلمۈرەي.
ئۆي ئىچىدىن بىر چاراغلىق كۈلكە قۇلاقىمغا يېتەر،
ئىچكىرى ئۆيدىن چىقار دەپ دەھلىزىڭگە تەلمۈرەي.

## ۋىسال كۈيى

خەۋەر تاپقاچقا دىلدارىم بىتاقەت ئىنتىزارىمدىن،
دىلدا ئۇرغىدى شادلىق چېچەك ئاچقان باھارىمدىن.
بۈگۈن جانان كۈلۈپ كەلدى، ياشاردى دىل گۈلىستانىم،
چىرايىم زەپىرەڭ بولغان پىراق دەشتىدە زارىمدىن.
ۋىسالنىڭ شادلىقى كۆڭلۈم بېغىنى لالەزار ئەتسە،
دىمەي كىمگە، بۇ شادلىقنى بىلەر رەڭگى - ئۇزارىمدىن.
نىگارىم زۇلپى تارىغا خىيالىم بەنت ئىدى ھەردەم،
ئاشۇ بەنت ئىچرە ھالىمنى سورا لەيلى - ناھارىمدىن.
جاھاندا شۇنچە كۆپ رەئنا قېلىشمايدۇ بىرى - بىرىدىن،
لېكىن جەمىن سېلىشتۇرساڭ ئاشالمايدۇ نىگارىمدىن.
جاپا چەككەنگە رازىمەن گۈزەلنى ئىزدىدىم ، تاپتىم،
گۈزەللىك بارى جەم بولغان ئېزىز يۇرتۇم — دىيارىمدىن.

## نازى دەپ بىل

كىرىشسەڭ ئىشقا جەڭ ئاغازى① دەپ بىل،
بۈيۈك ئارزۇ قۇشى پەرۋازى دەپ بىل.
كۆڭۈلنى جەلب ئەتكەن ئەشۇ ئىشنى،
ئەقىللىق، دىلرەبا ئادازى دەپ بىل.
ئۇلۇغ مەقسەت يولىدا ھەرنە مۈشكۈل،
باھادىرغا گۈزەلنىڭ نازى دەپ بىل.
ئۇزۇن كارۋان يولىدا قالغان ئىزلار،
ۋىسال بىرلە پىراق ھەمرازى دەپ بىل.
ئۈمىدسىزگە قەھىرلىك قىش - زىمىستان،
ئۈمىدۋارنىڭ باھارى - يازى دەپ بىل.

## چىن ئىنسان خىسلىتى بولسا

ياخشىنى ياخشى دە، يامانىنى يامان،
بار بولسا سېنىڭدە ئەقلۇ ھۇش،ۋىجدان.
بىر نەرقتە سانالسا دان بىلەن سامان،
قوزغالماس كۆچ - غەيرەت، يۈكسەلمەس ئىنسان.
ھالۋىنى، ھەلەپنى ئوخشاش دەر ھايۋان،
ئەمما بار ئىنساندا ئايرىشقا مىزان.

## قاچان بىلەر سۆيگىنىم

كۆيگىنىمنى ھېچكىمگە دىمەيتىم،
مەللە - كويدا بىر بولۇپتۇ كۆيگىنىم.
ھالىمىزنى بىلىۋاپتۇ خالايىق ،
كۆيگىنىمنى قاچان بىلەر سۆيگىنىم؟

ئول نىگارىم ئەھۋالىمنى بىلمىسە،
بۇ ھالەتتە تىرىك تۇرۇپ ئۆلگىنىم.
يۈرسەم ئەگەر باغۇ ئەرەم ئىچىدە،
دوزاخ ئىچرە پۇچىلىنىپ كۆيگىنىم.

① ئاغازى — باشلىنىشى.

بىر سائەتلىك كەڭ نەپەسكە ئەرزىمەس،
ۋەسلى كۆرمەي يۈز يىل ھايات سۈرگىنىم.
مىڭ يىللىقى بىر كۈنچىلىك يول ئەمەس،
بىر يارنى دەپ تاغنى يۇدۇپ يۈرگىنىم.

**مۇھەممەت روزى**

## ئاھ، دىلبەرا!

1

سۆيۈپ ئۆتسە كۆز شامىلى يۈزلىرىمنى،
شۇ شوخ شامال سېنىمۇ يار سۆيسە دەيمەن.
ئەقىدەمنى يۆگىۋېلىپ قاتلىرىغا،
ھايال ئۆتمەي ساڭا ئېلىپ بارسا دەيمەن.

بەگىباش شامال ھېچ ئاڭلىماس سۆزلىرىمنى،
مەن گۈلزاردا تۇرۇپ دەردتە توۋلىسامۇ.
يۈرىكىمنىڭ قاتلىرىدا بىر ئوت كۆيەر،
سەن خەۋەرسىز مەن بۇيەردە ئاھ ئۇرسامۇ.

2

ئېلىپ كەلدى مېنى يەنە گۈلزارىڭغا،
دىلدا يانغان ئوت خىيالىم، ئاھ، يېتىلەپ.
گۈلزارىڭدا گۈللىرىڭمۇ سولۇپتۇ يار،
سوغ شامالدا چۈشەر يەردىن سۆيگۈ تىلەپ.

پۈركىنىپتۇ بېغىڭ ئالتۇن لىباسلارغا،
ئەتە، ئۆكۈن قاغجىرايدۇ دىلنى تىلغاپ.
ئالتۇن ياپراق زېمىن — يارىنى قۇچاقلايدۇ،
زېمىن ئاشىق قوغلىمايدۇ سىلكىپ تىللاپ.

ئالتۇن قۇياش تاغ بېشىغا باش قويۇپتۇ،
خۇددى مەندەك قان يىغلىغان ئاشىق كەبى.
سۇس نۇرىدا ئاشىق زېمىن رەڭلىنىپتۇ،
كۆرۈنىدۇ كۆزلىرىمگە بەكمۇ سەبى.

باقتى نازۇك بولاقلىرىم دېرىزەڭگە،
خىيالىمدا ئاستا چەكتىم دېرىزەڭنى.
قانار ئىدى يۈرەكلىرىم بىرلا باقساڭ،
قايرىپ قويۇپ جانان ئاستا پەردەڭنى.

3

ئۇپقۇنلىغان ھاياتىڭ زور ئوكيانىدا،
پالاق ئۇرۇپ ئىلگىرىلىدىم غېرىچ - غېرىچ.
يەنە كەلسەم كۆرۈنمەيدۇ يار ساھىلدا،
قاچانغىچە سىرىڭ جانان تۇرىدۇ تىنچ.

ۋۇجۇدۇمدا ئۆلمەس دولقۇن ياسالسىمۇ،
تىنچ قەلبىڭ يەنىلا ھېچ ئويغانمىدى.
دىماقلىرىم ئىزلەپ ئۆتتى تىنىقىڭنى،
قەلبىم ئىزلەپ خىيالىڭ ھېچ بولالمىدى.

ئاھ، جانانىم بەرسەڭ ئورۇن پاك قەلبىڭدىن،
قۇچاقلىسا سېنى سادىق ئىستەكلىرىم.
سېنى مەڭگۈ سۆيەر ئىدىم، بەختىم بىلەن،
گەر يالىنسا دەشنام بىلەن تىلەكلىرىم.

4

زېمىن ئانا ئەسىر ئۈچۈن ئارتتى رومال،
ئاق تۇماندىن ئاپپاق كۈمۈش بېشىغا.
جانان سېنى ئىستەر ئىدى، جۇپ كۆزۈم،
يۈرەكلىرىم تېپەر ئىدى تېشىغا.

چىقىپ كەلدىڭ تۇمان يېرىپ يەلكەندەك،
ئاھ، مىنىۋېلىپ سۆيگۈم دولقۇنىغا.
يۈرەكلىرىم قاندى سېنى بىر كۆرۈپ،
لېكىن كەتتىڭ نەزەر سالماي ھالىمغا.

جانان قاچان لەۋلەر چاقماق چاقار دەپ،
سوئال قويسام ماڭا جاۋاب بەرمىدىڭ.
شېرىن، ئارزۇ، ئۈمىدىمگە ئوق ئېتىپ،
ھەسرىتىمگە ھېچ بىر داۋا تاپمىدىڭ.

قاراپ قالدىم، ھەسرەت بىلەن تەلمۈرۈپ،
ئانا يەرگە تاشلاپ قويغان ئىزىڭغا.
مېنى ئىشقىڭ دوزىخىغا تاشلىماي،
ئىزىم بارسۇن ئىزلىرىڭنىڭ يېنىغا.

چېكىپ ئاستا دىلغا نەمنى — دېرىزەمنى،
لەۋلىرىنى سۇنىدۇ تۈن چۈشلىرىمگە.
يۇلتۇز قونغان ماڭلىيىنى كۆز - كۆز قىلىپ،
چاڭ سالىدۇ ئوتلۇق چاقناق ھىسلىرىمگە.

چىرمىۋېلىپ خىيالىمنىڭ يوللىرىنى،
ئازدۇرماقچى نىشانەمدىن نادان ھىسلار.
ساما دىلغا سۆرەپ كىرەر يەر - جاھاننى،
ئىقبالىدىن — نىشاندىن ئازغان ھىسلار.
ئازدۇرماقچى نىشانەمدىن نادان ھىسلار،
لەۋلىرىنى تەڭلەپ - تەڭلەپ ئۆزگە ئىزلار.

5

قۇرلىرىغا چېكىپ گۈللەر پورەك - پورەك،
ھىسلىرىمدىن ھاسىل قىلار گۈلزار گويا.
گۈلزارىمدىن دەستە تىزىپ دىلدىكى شاھ،
ھاسىل ئەتمەك ئىدى، ماڭا ئىزگۈ دۇنيا.

تارتىدۇ تۈن ھىسلىرىمنى ئۆز قوينىغا،
كىرپىكىدە پەپىلىمەك بولغىنىدەك.
دىلىمدىكى چىغىر يوللار يوقىلىشقا،
پىتىنىپتۇ ئاق ئىباسلار قىيمىغىنىدەك.

قىش تۈنلىرى سوۋغا قىلىپ ئاپئاق گۈللەر،
پاك قەلبىمدىن ئورۇن ئالدى، غەم - ھەسرەتلەر.

6

قۇياش كەبى تەپچىپ تۇرغان ئوت تېنىمنى،
يۆگەپ ئالدى، زىمىستاندەك مۇز شامىلىڭ.
كىرپىكىمدە قاتتى تامچە گۆھەر گويا،
بىلەلمىدىم قاي پەسىلدۇر سېنىڭ قەلبىڭ.

قىياس قىلدىم زىمىستاندا خىيالىڭنى،
ئىللىتالماس جامالىڭنى ئوت باھارسىز.
قارا قىسمەت پاك تېنىمنى ئۆزگە تارتار،
جاھان چاقى ئايلانماسمۇ شۇم پەلەكسىز.

مەنزىلىمدىن ئىز قالمىدى خىرە - خىرە،
كۆكتىن غۇلاپ چۈشتۈم بۈگۈن گۈپپىدە.

7

تۇمان باسقان خىياللىق كېچە،
قانىسرايدۇ زېمىن بوغۇلۇپ.
سۆيگۈ تىلەر خىيالدىن ئىشقىم،
ھىسلىرىمدىن دۇنيا توغۇلۇپ.

يېنىك - يېنىك چېكىپ ئىشىكنى،
ئېنتىلىدۇ ئىشقىمغا دۇنيا.
خىيال ئاستا كېلىدۇ مېڭىپ،
ھاسىل قىلىپ سۆيگۈدىن يوللار.

خىياللارغا قوشۇپ شوخ شامال،
تىرىقلىتار كۆزنەكنى شامال.
ئىسسىق نەپەس سېزىدۇ ئالەم،
ئۇنىڭ بىلەن مۇڭداشسا خىيال.

ھاسىل قىلار گىرىمسەن يوللار،
ئۇزاق - ئۇزاق ھۇشقىيتىپ خىيال.

8

ئەستە قالغان قارا كۆزۈڭگە،
سىڭىپ بارار گىرىمسەن يۇلتۇز.
كىرپىكىڭدە ئۇگدىسە گۆھەر،
سۆيگۈڭ دولقۇن ياسايدۇ قۇندۇز.

سەنۇ مۇھتاج ئەمەس چۈشۈمگە،
لېكىن چۈشۈڭ چۈشۈمدە يۈتمەس.
يېنىك - يېنىك قوزغىلىپ ھىسلار،
پۇراپ سېنى قىلىدۇ ھەۋەس.
ساڭا ھەۋەس قىلىدۇ ھامان،
پاك ھىسلىرىم سېلىشىپ چۇقان.

9

قەلبىمدىكى تىككەن گۈلۈڭدە،
كۆرۈنمەيدۇ ئۆتكەندىكى پۇراق.
مېنى چۇلغاپ ئالغان ھىسلىرىڭ،
يۈرىكىڭدىن داجىپتۇ يىراق.

پۇراق چېچىپ كىرپىكىم نەمخۇش،
بېرەر يەرگە يامغۇردىن شەپە.

دىلىمدىكى گىرىمسەن شۇ چۈش،
باش ـ ئاياغسىز قالدى بۇ كېچە.

10

سۈكۈناتلىق خىيالىق كېچە،
كېزەر تۇمان زەڭگەر ئاسمانىنى.
خىيالىمدا ئۈنسىز بىر يىغا،
ئەسلىتىدۇ چېھرىدىم سامانىنى.

قۇياش ئۈزگەن قارا كۆزلىرىم،
تىكىلىدۇ مېھرىبان ساڭا.
چىرايىڭدا غەمسىز بىر نىدا،
ئاتا قىلار پىغانىنى ماڭا.
پۇچۇلانغان قەلبىم ئىشىكنى،
چېكەر ئاستا ئويناپ قار گۈلى.
توقۇپ چىقار ئۈنسىز ۋە ئۈنسىز،
ئاتار ساڭا قەلبىمنى سۆزسىز.
توزۇپ ئاڭا يۈرىكىم گۈلى،

11

مەن يۈرىمەن دىۋانە سۈپەت،
ۋىسالىڭنىڭ بوسۇغىلىرىدا.
سەن كىرىسەن، تۇرىسەن ئۈنسىز،
ھېسسىياتىم قۇچاقلىرىدا.

مەن تىلىدىم سۆيگۈڭنى سېنىڭ،
ئاۋارىمەن ھەرنە كويۇڭدا.
يۈرىكىڭدە بولسا بىر قەترەم،
تاشلىساڭمۇ ئەسلا تويۇڭدا.

12

ئۈزۈپ يۈرەر لەرزان تولۇنئاي،
سۈزۈك پەردە يېپىپ زېمىنگە.
سەلكىن شامال ئۆتىدۇ سۆيۈپ،
تىنىقىڭنى ئۇرۇپ تېنىمگە.

قۇچاقلىسا بولۇتنى شامال،
ۋىسالىمغا قىلدىمەن قىياس.
چۆچۈپ باقسام ساڭا دىلبىرىم،
تۇرار يەنە سىرلىرىڭ تىمتاس.

13

تىكشىمىغاچ قەلبىڭنى جانان،
قۇلىقىمنى يېقىپ كۆكسۈڭگە.
چۈشەنمەيمەن سېنىڭ سىرىڭنى،
جاۋابىم يوق شۇڭا سۆزۈڭگە.

14

مەن قارايمەن ـ قارايمەن ئۈنسىز،
يۇلتۇز قونغان قارا كۆزۈڭگە،
تەلمۈرىمەن قەلبىڭگە جانان.
تاپقۇزۇمەن ۋىسالنى ھامان،
جۆر بولۇپ مەن سېنىڭ ئۈنۈڭگە.

15

توزۇپ يەنە زېمىندىن پۇراق،
يېپىنىپتۇ ئالتۇن رەڭ لىباس،
چۈشەر يەرگە ئالتۇن غازاڭلار،
توزۇپ يۈرەر ئەركىن توزانلار،
ئېلىپ يازدىن زىمىستان قىساس،
قىساسىڭنى ئېلىۋال سەنمۇ،
تۇرۇپ بېرەي مەن ساڭا تىمتاس.

16

تەلمۈرۈپ كېچىلەردە يولۇڭغا جانان،
پاساھەت ھېسلىرىغا چۆمۈلەتتىم.
كۆڭلۈمنىڭ باغلىرىغا تېرىپ سېنى،
يېڭى بىر دۇنيا ئۆزرە تۇغۇلاتتىم.

ۋادەرىغا، يۈرىكىمنى تارتىۋالدى،
نىشانسىز بۇ ئالەمدىن كېتەر بولدۇم.
ھېسلىرىم يىپلىرىنى ئۈزۈپ بىر ـ بىر،
ئەركەمنىڭ خىيالىنى سۆيەر بولدۇم.

نادامەت تۈنلىرىنى يېپىپ ماڭا،
تۈن بويى پاك قەلبىمنى ئېلىپ قاچتىڭ.
ھېسسىيات قاينىمىغا يۆلەپ بىر مۇڭ،
غەم ـ غۇسسە خەنجىرىنى يۆلەپ تىقتىڭ.

سېنى دەپ ھاياتىمنى بېغىشلىدىم،
ئۆتەرمۇ بۇ كۈنلەر ۋىسال تاپماي.

AltunOq

پاك قەلبىم ئارتىۋېلىپ ئۆزگە دەردنى،
بۇ ئالەم ئۆز ئىسسىقىنى بېرىپ قويماي.

17

يېپيېڭى دالا كۈمۈش پەردىسىنى،
زېمىن گۈل يۈزلىرىگە تارتتى سۈرمە.
چېمىرلاپ كۆكتە يۇلتۇز قىسار كۆزىن،
ئۆزگەرگەن ئالەم گويا قارا تۈرمە.

ھېسسىيات كۈچى مېنى ئېلىپ ماڭدى،
قەدىمىم ئېغىر ئاياغ كەلدىم يەنە.
دېرىزەڭ چاچار ئاپئاق كۈمۈش نۇرلار،
ئاق يەرگە بولۇپ ئاڭا تەڭكەشكىنە.

ئىشىكىڭدە كۆردۈم يەنە تونۇش ئىزنى،
يۈرىكىم بىر پەسكىنە تاپتى ئارام.
خىياللار ئالەمنى كېزىپ يۈرۈپ،
ياشلىرىم ئاقتى يەنە تارام ـ تارام.

يۈلەندىم ماڭا تونۇش كۆك تېرەككە،
چۈنكى ئۇ كۆتۈردى سېنى جانان.
ئۇنىڭدا بار ھارارەت ساڭا ئوخشاش،
تۇرسەن ئۇزاقىمنە شۇڭا ھامان.

تەلمۈرۈپ دېرىزەڭگە قارىغانىم،
لاپپىدە ئۆچۈپ قالدى چىراغلىرىڭ.
ئالەمنى باسسىمۇ گەر قارا زۇلمەت،
دىلىمدا پارلاپ ياندى زىنا قىلىرىڭ.

18

غىرىسلاپ كېلەر تاۋۇش ئاياغلاردىن،
تەڭكەش بوپ سوغ شامالدا تۇتۇقىنە.
ئاستا ـ ئاستا سىلاپ قويدۇم يۈزلىرىمنى،
سانجىلغاچ قىش شامىلى يۇمشاقىنە.

تەلمۈرۈپ دېرىزەڭگە قاراپ ئۇزاق،
تىلەيمەن شاماللاردىن پۇرىقىڭنى.
باھار بىر كۆرۈنگەندەك بولدى سايەڭ،
خۇلاسە قىلىپ ئالغان شۇ خىياللاردىن.

**ئۆمەرجان ئاۋۇت**

## شېئىرلار

### چۈش

جۈپ كۆزۈڭدىن تامچىتىپ تامچە،
ھەسرەت بىلەن چەكمىگىن پىغان.
چۈشلىرىڭدە كۆرگەن ئۇ دۇنيا،
بۇ ئالەمدە سەن ئۈچۈن پىنھان.

### مۇھەببەتنىڭ ئەلا بەلگەي

كۆل بويىدا بىر جۈپ سايە،
سۇ ئىچىدىن ئايىنى كۆردۈم.
شۇ بۇلۇتسىز ئاق كېچىدە،
ئاي يۈزىدىن داغىنى كۆردۈم.

كۆل بويىدا يالغۇز سايە،
جۇر بولۇپتۇ كونا ئىزلار.
مۇھەببەتنىڭ ئەلا بەلگەي،
ساداقەتنى چېچەن قىزلار.

### كۆزلەر

مۇھەببەتنى ئويغاتقان كۆزلەر،
نەپرەتنىمۇ ئويغاتقان كۆزلەر.

### ئاقار يۇلتۇز سۆيگۈ سىماسى

ئۈزەلمەستىن كۆزىنى كۆكتىن،
كىرپىكىدە شەبنەم تامچىسى.
يۈرەكلەرگە سىغمىغان ھېسلار،
ئاقار يۇلتۇز سۆيگۈ سىماسى.

ئاقار سۆيگۈ كۆچەر قەبرىگە،
ھايات شۇنداق قالار نەۋرىگە.
دىلدىن ـ دىلغا كۆچكەن سۆيگۈلەر،
ئاقار يەنە گۈزەل ئەتىگە.

مەھمۇد زەيدى

# «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يىگىرمە يىللىق مۇساپىسىنى ئەسلىگەندە)

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئىلىم - مەرىپەت بۇلاقلىرىنىڭ بىرى بولغان قەشقەر شەھىرىدە 70 - يىللارنىڭ بېشىدا «قەشقەر ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلى دۇنياغا كەلدى، ئۇ ھازىرغىچە چارەك ئەسىرلىك جەرياننى باشتىن كەچۈرۈپ، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يىگىتلىك مەۋسۇمىنى باشتىن كەچۈرمەكتە. «قەشقەر ئەدەبىياتى» تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بالدۇر كەلگەن باھار قارلىغاچى. ئۇ، مەيدانغا كېلىش بىلەنلا ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلغۇچى ئىجادكارلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەن، شۇ ئاساستا ئۇ دەسلەپتە خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنى ئاساس قىلىپ يەرلىك ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى بېسىپ تارقاتقان بولسا، كېيىنچە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان مۇھىم مۇنبەر بولغانىدى. بولۇپمۇ 11 - نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ھەقىقىي ياشلىق باھارىغا ئېرىشىپ، كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي يوسۇندا جارى قىلىنىشىغا كۈچ سەرپ قىلدى. بىزگە مەلۇمكى 3- ئومۇم يىغىنىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى. 3 - ئومۇم يىغىنىدىن كېيىن، بۇ ساھە ھەقىقىي يوسۇندا جانلىنىپ، پارتىيە مىللىي سىياسىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىنىڭ توغرا جارى قىلىنىشى ئارقىسىدا خەلقىمىزگە يېڭى ئىجادىي كۈچ - قۇۋۋەت ۋە مەڭگۈلۈك باھار بەخش ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» گۈلىستانلىقى ھەممە گۈللەر ئېچىلغان، ھەممە بۇلبۇللار بەس - بەس بىلەن سايرىغان گۈلزارلىققا ئايلاندى.

× × ×

«قەشقەر ئەدەبىياتى» بارلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئۇستازى شۇ جۈملىدىن تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بارلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئۇستازى، دوستى ۋە يېقىن مەسلىھەتچىسى.

جۈملىدىن مەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى مۇخلىسلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ تۇنجى ماشىنكىدا بېسىلغان سانلىرىدىكى خەلق قوشاقلىرى ھازىرغىچە يادىمدا. بۇ ژۇرنال ئەينى زاماندا خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ ئۈمىدىنى ئىنكاس قىلغۇچى سۈپىتىدە خەلق بىلەن ھەمنەپەس ۋە سىرداش بولدى، ئۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن قەلەمكەشلەرنى جەلپ قىلدى.

ھېلىمۇ يادىمدا، مەن 1980- يىلى «قەشقەر ئەدەبىيات- سەنئىتى» (ئۇ چاغلاردا شۇنداق ئاتالغان) نىڭ 1- سانىدىن شائىر مەمتىلى زۇنۇنىنىڭ «قۇياش قىزى» ناملىق لىرىك داستانىنى زوق بىلەن ئوقۇغانىدىم. بۇ داستان ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل بەھرىدە

يېزىلغان بولۇپ، كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزگە ماھىرلىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىنغان. شۇ قاتاردا ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىننىڭ «تاڭ غەزەللىرى»، ئابدۇللا سۇلايماننىڭ «ئۈچ غەزەل»ى قاتارلىقلارمۇ كلاسسىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ غەزەل شەكلىنى يېڭى مەزمۇنلار بىلەن جىلۋىلەندۈرۈپ، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزغا يېڭى ھۆسن قوشقانىدى. قەشقەر ئەدەبىياتى ئۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىدىمۇ نادىر شېئىرلارنى بېسىپ زوقلانغۇچىلارنى ھەر تەرەپلىمە لەززەتلەندۈرۈپ كەلدى. مەسىلەن: ئە. زىيائى، ر. جارى، ت. سامساق، ق. ئىمىن، مىرزايىت كېرىمى، ھاجى ئەخمەت قاتارلىق شائىرلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان لىرىك غەزەللىرى يۇقىرىقى سۆزىمىزگە ئىسپات. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يېڭى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بەرپا قىلىشتا ۋە ئۇنى يېڭى مەزمۇن ۋە نەپىس شەكىللەر بىلەن ئىپادە قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» — قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بولدى. ئۇ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىلھام بېرىپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى. ئۇ، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا، يىرىك ئەسەرلەرنىڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىدە مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. نۇرغۇن يازغۇچىلارنى قاتارغا قاتتى. ئەينى يىللاردا «مەسلىھەت چېيى» (مەمتىلى زۇنۇن)، «رابىيە — سەئىدىن» (سەمەت دوگايلى)، «تاشۋاي» (ئەمەت ئۆمەر)، ئاتا ئىمزىدىن (ئابلىمىت ھاجى) ۋە شۇنىڭدەك بىر قاتار يىرىك ئەسەرلەر شەخسەن مەندە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەرلەر «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 80- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى سانلىرىدا بېسىلغان ئەسەرلەر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىدا، ھەر سانىدا دېگۈدەك داستان، ھېكايە (ياكى پوۋېست) لار داۋاملىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ۋە مەشھۇر شەخسلەرنى تونۇشتۇرۇشتىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە تۈنۈگۈنكىدەكلا تۇرۇپتۇ:

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركىي» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى (1979 — 1983- يىللار) دا بىز ئىمىن تۇرسۇن، ئا. ئۆتكۈر قاتارلىقلار «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر سانىنى قىزىقىپ كۆرەتتۇق. مەن شۇ يىللاردا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى ۋە «دىۋان» دىكى شېئىر — قوشاقلاردىن نەمۇنىلەر تېمىسىدىكى ماقالىلىرىمنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا يوللاپ بەرگەنىدىم. بۇ ماقالىلەر «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1980- يىلقى سانلىرىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىلەرنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈركىي» تېخى نەشردىن چىقمىغان ۋاقىتلاردا ئېلان قىلىنىشى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا بېسىلغان مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى ماقالەرنى نەشرىياتتىكى تەھرىرلەر تەپسىلىي ئوقۇپ ۋاقىپ بولدۇق. «بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدا شۇ كۈنلەرگىچە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە ‹دىۋان› ھەققىدىكى تۇنجى تونۇشتۇرۇش بوپتۇ» دېگەنىدى يولداش قەييۇم تۇردى①. ھەقىقەتەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى

① ئۇ چاغدا ق. تۇردى خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە مەسئۇل بولۇپ تۇرغانىدى.

تارىخىمىزدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخس، ئالىم، يازغۇچى، جامائەت ئەرباپلىرىنى تونۇشتۇرۇشتا بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. «قەشقەر ئەدەبىياتى» دۆلىتىمىز ئىچى ۋە خەلقئارادىكى مەشھۇر كىشىلەرنى، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنى تونۇشتۇرۇپ ئاممىنى رازى قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ دۆلىتىمىزدە يۇقىرى ئىناۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن چەت ئەللەردىمۇ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى مەلۇم.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» نى ئۆزبېكىستاندىكى قەلەم ئىگىلىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىكەن. مەن 1989 - يىلى يازدا بىر نەچچە ئاي ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت، سەمەرقەنت قاتارلىق شەھەرلىرىدە ساياھەتتە بولغان كۈنلەردە، س س س ر يازغۇچىلار سايۇزىنىڭ ئەزالىرىدىن ئىمىن ئوسمان، سېيىتجان سېيىتشۇۋ، ھىسامىدىن ئىسلام، راھىلە ھاپىزوۋا قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۆيلىرىدە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى كۆردۇم. ئۇلار: «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ سەھىپىسى خىلمۇخىل ۋە مەزمۇنغا باي ئىكەن. بىز بۇ ژۇرنالدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىپلا قالماستىن، دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بەزى ئەھۋاللارنىمۇ، جۈملىدىن سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى رازى بولدۇق... - دېيىشتى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاندىكى قەلەم ئىگىلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ژۇرنىلى ئىكەن، دېيىشكە بولىدۇ. سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن ت. قاھارى ۋە باتۇر ئەرشىدىن قاتارلىقلار «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى داۋاملىق ئوقۇپ تۇرغان. ئۆتكەن يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە نەشر قىلىنغان شىنجاڭ شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى «تەڭرىتاغ ساداسى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ بىر قىسمى ئەينى يىللاردا «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن: شۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن مېنىڭ «ئالتۇن دەۋر سىمالىرى» ناملىق شېئىرىم ئەسلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1984 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئەدەبىي ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ۋە بەدىئىي ماھارەتنى يېتىشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ۋە دۇنيادىكى مەشھۇر شەخس، يازغۇچى، ئالىم ۋە باشقىلارنى تونۇشتۇرۇشتىمۇ ئاكتىۋال ئىش قىلىپ كەلدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ھازىر ئېلىمىزدىلا كەڭ تارقىتىلىپ قالماي، چەت ئەللەرگىمۇ ئوچۇق تارقىتىلسا بولىدىغان داڭلىق ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا سان - ساناقسىز قەلەم ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلار ئۈمىد بىلەن كۆز تىكىدىغان، خەلق ئاممىسى ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ گۈزەل غايە ۋە نۇرلۇق ئىستىقبالىنى كۆرەلەيدىغان بولدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» نۇرغۇنلىغان شائىر، يازغۇچىلارنى يېتىشتۈردى، شۇنداقلا بىر قىسىم تەقرىزچى، تەتقىقاتچى، فولكلورىستلارنى يېتىشتۈردى. بۇ جەھەتتە مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام بىر قاتار ئىلمىي ئەسەرلىرىمنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلەر قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ ژۇرنالدا ئېلان قىلمىغان بولسا، ماڭا ئايرىم خەتلەر يېزىپ ئىلھام بېرىپ رىغبەتلەندۈرمىگەن بولسا، ھازىرقى نەتىجىلىرىم، مۇۋەپپەقىيەتلىرىم بولمىغان بولاتتى، دەپ ئويلايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ ژۇرنالدىن ئوزۇقلىنىپ قاتارغا

قوشۇلغان قەلەم ئىگىلىرى قاتارىدا چەكسىز رەھمەتلىرىمىزنى، تەشەككۈرلىرىمىزنى بايان قىلىمەن.

× ×

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن مەنبەلەرنىڭ بىرى بولدى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلدى. مەلۇمكى، ۋارىسلىق قىلىش ئۇنى تەكرارلاش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا تەنقىدىي يول بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كونىسىدىن يېڭىسىنى يارىتىش. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆز پائالىيىتى جەريانىدا شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ يېڭى شېئىرىيەت ساھەسىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ياراتتى. «ئەدەبىي ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي قىممىتىگە قاراپلا ئەمەس، ھەتتا كۆپرەك دەرىجىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ياكى ھېچ بولمىغاندا، ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىگە قاراپ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.» (چېرنىشېۋسكىي: «تاللانغان ئەسەرلەر»).

بىز يۇقىرىدىكى تەرتىپ بويىچە «قەشقەر ئەدەبىياتى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان بىرىك ئەسەرلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەكلا (مەسىلەن: ھېكايىلەردىن باشقا بىرقاتار لىرىك ۋە ئېپىك داستانلار) يېڭى ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە بۇرۇلۇش ھالىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى، دەپ ئېيتالايمىز. ھالبۇكى، داستان بىر مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتە تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم. بۇجەھەتتە «قەشقەر ئەدەبىياتى» سەھىپىسىدە قەلىمى پىشقان، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن بىرمۇنچە شائىرلار ياخشى داستانلارنى يېزىپ كىتابخانلارنى زوقلاندۇرۇپ كەلدى. مىرزاھىد كېرىمى («تەۋەررۈك كۆينەك»)، مەمتىلى زۇنۇن («قۇياش قىزى»)، ق. ئىمىن («سېمونت ئىشچىسى»)، ھاجى ئەخمەت («بۈركۈت ناخشىسى»)، ۋاھىتجان غوپۇر («بىر مۇھەببەتنىڭ تارىخى»)، يالقۇنجان ئىسلام («كەچۈر مېنى مۇھەببەت») ئەسەرلىرى يۇقىرىدىكى سۆزىمىز ئۈچۈن ئىسپات بولالايدۇ.

ئومۇمەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» — ھارماس باغۋەن. ئۇ، كۆچەت ۋە گۈل ئۆستۈرگۈچى سۈپىتىدە خەلقىمىز ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان شېرىن مېۋە، خۇشپۇراق گۈللەرنى پەرۋىشلەپ ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈردى، تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭ كېلەچىكى پارلاق. چۈنكى ئۇنىڭغا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھايات بەخش پارلاق نۇرى گۈزەللىك بېرىدۇ. پارتىيىنىڭ مېھرى-شەپقىتى «قەشقەر ئەدەبىياتى» گۈلزارلىقىنى تېخىمۇ بالاغەتكە ۋە كامالەتكە يەتكۈزۈشتىكى باھار يامغۇرى ۋە ئىللىق قۇياش نۇرى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر كۆچىتى ۋە چېچىكىگە (شېرىن مېۋىسىگە) پارتىيىمىزنىڭ مېھرى - شەپقىتى سىڭدۈرۈلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پارتىيىمىزدىن مىننەتدارمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» سەھىپىلىرىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى لىرىك شېئىرىيەت تۈركۈمىدىن ئىبارەت. لىرىك شېئىرىيەت كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن داۋام قىلىپ كەلگەن ژانىردۇر. ئۇنى خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدۇ، ھەتتا ناھايىتى نۇرغۇن لىرىك شېئىرىيەت (غەزەللەر) خەلق ناخشىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن،

AltunOq

مەلۇمكى ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى خەلق ئاممىسى ئەسىرلەردىن بۇيان ياقتۇرغان لىرىك شېئىرىيەت، يەنى غەزەللەردىن ئىبارەت. ھازىرقى ھاياتىمىزدا خەلق ئىچىدە رادىئو، تىياتىر ۋە مەشرەپلەردە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشىلارمۇ لىرىك غەزەللەردىن ئىبارەت، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتساق ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلاردىن ئىبارەت.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئارۇز ۋەزنىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى، كەلمەكتە. ئەسلىدىمۇ قەشقەر ۋىلايىتى كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا لىرىك شېئىرىيەتنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان. بۇ يەردە ئەسىرلەر ئۆتىشىمۇ، ئۆزىنىڭ سەنئەتلىك قىممىتىنى ۋە زامانىۋىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتمايدىغان، ئالتۇندەك داتلاشمايدىغان شېئىرىيەت دۇردانىلىرى يارىتىلغان ئىدى. ئەنە شۇنداق ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قېزىش، رەتلەش ۋە تونۇشتۇرۇشتا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆچمەس خىزمەت كورسەتتى. ناۋايى، مەشرەپ، نەۋبىتى، خىرقىتى، نىزارى، تەجەللى... قاتارلىقلارنىڭ غەزەل، مۇخەممەسلىرىنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» سەھىپىسىدىن ئوقۇپ ھوزۇرلاندۇق، شۇنداقلا كلاسسىكلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ماھارىتىنى، ئۇلارنىڭ خەلقچىللىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېسىل خىسلەتلىرىنى داۋام قىلىپ، كلاسسىك شېئىرىيەتنى ھازىرقى زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان شائىرلىرىمىزنى بىز «قەشقەر ئەدەبىياتى» سەھىپىلىرىدىن كۆرۈپ تۇردۇق. ئارۇز ۋەزنى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمكى ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ يىلتىزىدۇر. مەلۇمكى، يىلتىزى بولمىغان نەرسە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. قەشقەر ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن غەزەل، مۇخەممەس ۋە رۇبائىيلار ئەنە شۇ يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان كۆركەم مايسا، گۈل - چېچەكلەردۇر.

بۇ ھەقتە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» (ئا. ئۆتكۈر)، «غەزەللەر» (م. رەھىم)، «دوستلۇق تەزمىنلىرى» (ئابدۇكېرىم مەخسۇت)، «سۆيگۈ غەزەللىرى» (جېلىلى)، تىيانشان بۇلبۇلى (تۇرسۇن ھامۇت)، قەشقەر غەزەللىرى (ئابدۇقادىر جالالىدىن)، ئۈمىد يۇلتۇزلىرى (مۇھەممەت ئىمىن) ۋە شۇنىڭدەك «ئېھتىرام گۈلدەستىسى» (مەمتىلى زۇنۇن) قاتارلىق لىرىك شېئىرلارنى غەزەلىياتىمىزنىڭ ھازىرقى زاماندىكى دەسلەپكى سەۋىيىلىك مەزمۇنلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. شېئىرىيەت زامانغا، دۇنياغا يۈزلىنىشى كېرەك دەيدىكەنمىز، ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ مىللىي شەكلى ۋە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بارماق ۋەزنىمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قەدىمكى مىللىي شەكىللىرىنىڭ بىرىدۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» سەھىپىسىدە بۇ ۋەزىندە يېزىلغان ياخشى لىرىكىلارمۇ خېلى بار. لېكىن بىز ماقالىمىزدا پىكىرنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ غەزەل ۋە قىسمەن مۇخەممەس شەكلىدىكى لىرىكىلارغا قاراتماقچىمىز. «قەشقەر ئەدەبىياتى» گۈلزارلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭدىكى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۇسلۇب ۋە ئەسەرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي ئۇسلۇبى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھامان ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ مىللىي تۇپرىقىدا شەكىللەندى ۋە دەسلەپكى سەۋىيىدە بولسىمۇ ۋايىغا يەتتى. قىسقىسى بۇ لىرىك شېئىر (غەزەل) لەردە ئۆز

مىللىتىمىزنىڭ تامغىسى بېسىلغان دېيىشكە بولىدۇ. «قەشقەر ئەدەبىياتى» گۈلزارلىقىدا بىر نەچچە ئەدەبىي ئىجادىيەت (كىتاب)نىڭ مۇئەللىپى بولغان ق. ئىمىن، مىرزاھىد كىرىمى، ھاجى ئەخمەت، مەمتىلى زۇنۇن، تۇرسۇن نىياز قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تەھلىل قىلساق، بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن خۇشپۇراقلىق گۈزەللىكنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

ئومۇمەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ھەر جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىپ ئۆزىنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى پۈتۈن شىنجاڭغا چاچماقتا. ئۇنىڭ تەسىرىدىن نۇرغۇن تىل سەنئەتكارلىرى يېتىشىپ چىقماقتا. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىيات تىلىنىڭ — ئورتاق ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئومۇملىشىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپىسىنى قوشتى. ئۆسۈپ مۇكەممەللىشىش جەريانىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۈنۈملۈك ئومۇملىشىشقا قاراپ ماڭدى. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر شەكلى بولغان ئەدەبىي تىل خەلقىمىزنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆزلەشتۈرۈشىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىلدۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئەنە شۇ جەھەتلەردە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىماقتا، مۇندىن كېيىنمۇ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى رول ئوينايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» خۇددى ئالتۇن چايقاپ ئاققان قەشقەر دەرياسىدەك خەلقىمىزگە ئۆزىنىڭ ھاياتبەخش مېۋىلىرىنى تەقدىم قىلماقتا. ئۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرمەكتە. ئىسلاھات روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كەلگەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئۆزىنىڭ بۇ ياخشى خىزمەت ئىستىلىنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەسپىي ئىشلاردا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» گۈلزارلىقىنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىسۇن!

---

(بېشى 55 - بەتتە)

دادىللىق بىلەن ئېلان قىلمىغان بولسا، «تارىم» دا ئەسەر ئېلان قىلىش، تونۇلۇش قاتارلىقلار بولغان بولسىمۇ، تولىمۇ كېچىكىپ بولغان، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىر ياش ھەۋەسكار سۈپىتىدە تۇرۇپ، بۈگۈنكى شان-شەرەپ تېخى ماڭا نېسىپ بولمىغان بولاتتى. يەنە ئويلايمەن، قەشقەر خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ساۋۇت ئاكا مەكتەپ بىلەن ئىككى يىل داۋالىشىپ، تۆت قېتىم بېرىپ، نۇرغۇن جاپالار بىلەن مېنى يانتاق خانىماز قومۇشلۇقىدىن يۇلۇپ ئەكىلىپ، ئىجادىيەت مۇھىتىغا ئىگە قىلمىغان بولسا، مەن ئادەتتىكى بىر يېزا كادىرى بولۇپ قېلىۋەرگەن، ھېلىقى خاسىيەتلىك كۈندە ھاجى ئەخمەت ئاكا تاسادىپىي پوۋېستىمنى كۆرىمەن، دەپ تۇرۇۋالمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈنۈم بولمىغان بولاتتى. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمدە قىممەتلىك ئەجىر سىڭدۈرگەن، ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېلىنمىغان بارلىق ئۇستازلارغا چىن دىلىمدىن ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمگە جامائەتنىڭ سەمىمىي ھېسسىياتتا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىر سەمىمىي قەلبنىڭ ئىزھارى، خالاس.

1991 - يىل 25 - يانۋار، قەشقەر

قاۋسىلقان قامىجان

## ئەدەبىي مۇنبەر، مەنىلىك رەقەملەر

— «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشىنىڭ يۈز سانغا توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان ئەدەبىي كىتاب، ئەدەبىي ژۇرناللار شۇ مىللەت ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم پاكىتتۇر. مەتبۇئاتسىز ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا مەتبۇئاتچىلىق تەرەققىياتى — پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى دېمەكتۇر.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باشقا ئوبلاست، ۋىلايەتلىرىگە ئوخشاشلا قەشقەر رايونىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئەلۋەتتە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يىگىرمە يىللىق شانلىق مۇساپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئىللىق باھارى قوينىدا رەڭگا - رەڭ گۈل - چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن، دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى كۈيلەنگەن، ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى جۇلالاندۇرۇلۇپ سىزىلغان يۈزىنچى سانىنى كەڭ كىتابخانلار جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. بۇ رەقەملەرنى ساناپ بېرىش ناھايىتى ئاسان. ئەمما ئۇنىڭ ھەر بىر سانىغا سىڭگەن مەزمۇننى، تەھرىرلەر بىلەن ئاپتورلارنىڭ ھەر بىر بېتى ئۈچۈن تۆككەن قان - تەرىنىڭ قىممىتىنى شەرھلەپ چىقىش، خۇلاسىلاپ بېرىش ئۇنچىلا ئوڭايغا توختىمىسا كېرەك. مانا بۇ «1» بىلەن «00» دىن تەركىب تاپقان رەقەملەر تىزمىسى بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتكەن ئاشۇ خاسىيەتلىك يىللار، ئاشۇ مەنىلىك ئاي، كۈنلەردە تىرىشچان ئىجادكارلىرىمىز ۋە تەلەپچان باغۋەن - تەھرىرلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجرى، بەدىئىي ماھارەت كۈچى، مول، ماھىيەتلىك تۇرمۇش مەزمۇنلىرى جۇغلانمىسىدىن ھاسىل بولغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈز سانىدۇر.

مەن ئاددىي بىر ئاپتور ۋە بەدىئىي زوقلانغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن كەڭ كىتابخانلار جامائەتچىلىكى قاتارىدا يىگىرمە يىل مابەينىدە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ھەر قېتىم چىققان يېڭى سانلىرىنى دېگۈدەك قالدۇرماي ئوقۇپ، ئۇنى ئۆز ھاياتىمدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى مۈلۈك، بەدىئىي ئوزۇق قىلىپ ساقلاپ كەلدىم، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قەدەم قويۇپ تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ئىشىمنى باشلىغان چېغىمدا «تارىم» ژۇرنىلىدىن قالسا دەسلەپ قولۇمغا ئېلىپ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان ئەدەبىي ژۇرنىلىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» بولدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشىپ يازغان بىرىنچى ماقالەم مۇشۇ ژۇرنالدا بېسىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» قەشقەر رايونىدىكى كونا - يېڭى قەلەمكەشلەرنىڭ بەدىئىي ماھارەت كۆرسىتىش زېمىنى، ئىجادىيەت مۇنبىرىگە ئايلانغىنىغا ئوخشاش بۇ ژۇرنال مېنىڭمۇ ياخشى بەدىئىي دەرسخانام، ئەڭ يېقىن دوستۇم، بەدىئىي دەسمايە

تېپىش مەنبەسىم، ئىقتىدارىمنى نامايان قىلىش مەيدانىم بولۇپ قالدى. چۈنكى مېنىڭ كۆپ ساندىكى ماقالىلىرىم «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىندى. مەن ئىلمىي تەتقىقات، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا بۇ ژۇرنالدا بېسىلغان ئەسەرلەرنى دائىملىق ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپلا قالماستىن، ژۇرنال خادىملىرى بىلەنمۇ يېقىن يار - يۆلەكتە بولۇپ ئۆتتۇم. شۇڭا ژۇرنالنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ماڭا نىسبەتەن ناھايىتى ئېنىق، بەش قولدەك بەلگىلىك بولۇپ كەلدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ دۇنياغا كېلىپ، قول بىلەن يېزىلىپ، شاپىگرافتا كۆپەيتىلگەن تۇنجى سانى 1971 - يىلى خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. زۇلمەتلىك يىللارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر بۇزغۇنچىلىقى نەتىجىسىدە مەنىۋى يايلىقتىن، بەدىئىي زوقلىنىشتىن مەھرۇم قېلىپ، قاغجىراپ كەتكەن خەلقىمىز بۇ ژۇرنالنى خۇشاللىق بىلەن قوللىرىغا ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتكىدەك بولدى. گەرچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر شۇ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي شۇئارلار مەزمۇنىنىڭ تەلىپى، قېلىپى بويىچە يېزىلغان بولسىمۇ، سەنئەت خۇمار خەلقىمىزنىڭ قىزىقىشىنى باشقا ئەمەس «قەشقەر ئەدەبىياتى» دەپ ئاتالغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇقەددەس نامى ھەممىدە ئۆزلىرى چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ ئوقۇيدىغان ياخشى ئەسەرلەر بۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئىجاد قىلىنارمۇ، بۇنداق ئەسەرلەرنى بەس - بەس بىلەن تالىشىپ ئوقۇيدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. 1975 - يىلىغا قەدەم قويغاندا ژۇرنال قولدا كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلىشتىن يېڭى يېزىقتا مىخ مەتبەئەدە نەشىر قىلىنىشقا كۆچتى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنىپ زاماننىڭ ئۆز ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمۇ ئويغىنىشقا باشلىدى. تارىخ چاقى يەنە ئۆز ئوقىدا چۆگىلىدى. ناھايىتى نامرات ھالدا بەدىئىي ئەدەبىيات دۇنياسىغا كىرگەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» مۇ رەسمىي ئەدەبىي ژۇرنال شەكلىگە كىردى، ھەجىممۇ چوڭىيىشقا باشلاپ دەسلەپكى ئەللىك بەتتىن يەتمىش سەككىز بەتكە يەتتى.

1979 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن بۇ ژۇرنال يېڭى يېزىقتا نەشىر قىلىنىشتىن ئازاد قىلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ تەلەپلىرى بويىچە كونا يېزىقتا نەشىر قىلىندى. بەت سانى يەتمىش سەككىز بەتتىن بىر يۈز ئون ئىككى بەتكە كۆپەيدى. مەزمۇن، شەكىل جەھەتلەردە بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بېيىشقا، يېڭىلىنىشقا، كېڭىيىشكە قاراپ يۈزلەندى. ژۇرنالنىڭ سۈپىتىمۇ ياخشىلاندى. ژۇرنالغا بېرىلگەن ئەسەرلەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ژۇرنال ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت بېغىدا چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ كىشىلەرنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھال يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرىي خادىملار ئارىسىدىمۇ، تۆۋەندە كىتابخانلار جامائەتچىلىكى ئارىسىدىمۇ، قەشقەر رايونىمىز ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدىكى كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىچىدىمۇ خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەخسۇس ھۆججەت چۈشۈرۈپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى مەملىكەت ئىچىگە ئوچۇق - ئاشكارا تارقىتىشنى تەستىقلىدى.

1984 ـ يىلغا كەلگەندە ژۇرنالنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمى، تەھرىر ھەيئىتى بىردەك تەرتىپكە سېلىنىپ، خادىملارنىڭ شتاتى، بېرىلىدىغان خىراجەت رەسمىي بەلگىلىنىپ، ژۇرنالنىڭ داۋاملىق چىقىرىلىشى تولۇق قانۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يەنىمۇ كېڭىيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ پەسىللىك ژۇرنالدىن قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەردى، بەت سانى بىر يۈز يىگىرمە سەككىزگە يەتتى. تارقىلىش تىراژى ئەڭ دەسلەپكى يۈز نۇسخىدىن يىلمۇ يىل ئېشىپ، ئون مىڭغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە چىقىۋاتقان ژۇرناللار ئىچىدە مۇشتىرى سانى جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا «تارىم» ژۇرنىلىدىن قالسا خېلى تەسىرلىك ۋە خېرىدارلىق ئەدەبىي ژۇرنالغا ئايلاندى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە مەمۇرىي مەھكىمە رەھبەرلىكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى رولى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا نىسبەتەن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، بەدىئىي سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن كۆپلەپ ياردەم بەردى. ژۇرنالنىڭ بەدىئىلىك جەھەتتىن سۈپەتلىك، مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام باشقۇرۇلۇشىنى تولۇق كاپالەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېرىنى، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە، چوڭقۇر، داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇۋاتقان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھات دولقۇنىغا زىچ ماسلىشىپ، دەۋر ئېقىمىغا، خەلقنىڭ ئارزۇ ئۈمىدلىرىگە يېقىن ئىش كۆرۈش، ئېلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغە لايىقلىق ئېلىپ بېرىش يولىدا قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلىۋاتقان زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ تىپىك ئوبرازى يارىتىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش، تىرىشچان، ئىقتىدارلىق، ئىجادچان ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق قەشقەر رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە دۇنيانىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىگە يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت كونكرېت ۋەزىپىسىنى، تىرىشىش نىشانىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ، جاسارەتكە كەلگەن تەھرىرلەر ئىجادىي يوسۇندا ئىش تۇتۇشقا، خەلققە سەنئەت كۈچى ئارقىلىق بەدىئىي نەپ بېرىشكە بەل باغلاپ، ژۇرنال بەتلىرىنى «شېئىرىيەت گۈلزارى»، «نەسرىي ئەسەرلەر»، «مارت چېچەكلىرى»، «ئۈمىد غۇنچىلىرى»، «ياش ھەۋەسكار»، «بەش مىنۇتلۇق ھېكايىلەر»، «خەزىنە»، «قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «سەھنە ۋە ئېكران»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى»، «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، «بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز»، «شەبنەم»، «ساتىرا ۋە يۇمۇر»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «مەدەنىي يادىكارلىق ۋە تارىخ» قاتارلىق سەھىپىلەرگە بۆلۈپ، كەڭ كىتابخانلارنى ھەر خىل بەدىئىي شەكىلدە رەڭدار، جۇلالىق ئىپادىلەنگەن مەنىۋى بايلىق بىلەن تەمىن ئەتتى؛

AltunOq

بىر ژۇرنالنىڭ ياخشى باشقۇرۇلۇشى، ھەر بىر سانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىرىلىشى مۇنداق ئۈچ تەرەپلىمىلىك ئامىلنىڭ تولۇق ھازىرلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك: ئۇ بولسىمۇ ژۇرنال چىقىرىشنىڭ ئاساسىنى يارىتىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ياردەم مەدەت بېرىش رولىنى ئوينىغان ياخشى شارائىت، جامائەت ئىنكاسى، ئىقتىدارلىق، تەجرىبىلىك، تىرىشچان تەھرىرلەر . كۈچلۈك تايانچى ئاپتورلار قوشۇنىدىن ئىبارەت.

دۆلەتكە بايلىق، خەلققە بەخت، شادلىق ئېلىپ كەلگەن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا ئوخشاشلا قەشقەر رايونىنىڭ قىياپىتىدىمۇ يېڭىچە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئارزۇ ئىستەكلىرىمۇ كۈچىيىشكە قەدەم قويدى. مانا بۇ ھال «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت بۇ ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ يېتەرلىك شەرت ھازىرلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرچاغدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ بۈگۈنكىدەك روناق تېپىشى ئۈچۈن بەدىئىي زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن، ياخشى دەۋرنى ۋە ئۇنى ئالاھىدە قوللاپ، كۆڭۈل بۆلگەن، يار-يۆلەكتە بولغان رەھبەرلەرنى ھېلىھەم ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بۇ رەھبىرىي يولداشلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە تۇرغان ئورۇنلىرى يىراق بولسىمۇ، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ، سىرتتىن تۇرۇپ قىزغىن قوللىدى، مەدەت بەردى، بەزىلىرى بولسا ژۇرنال باشقۇرۇش خىزمىتىگە بىۋاسىتە قول تىقىپ يېتەكچىلىك قىلدى، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بەردى، ئەقىل كۆرسەتتى، ئىلھامچى بولدى.

بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ پۇختا، كۆركەم، ياخشى سېلىنىشى بىناكارلىق تېخنىك خادىملىرىنىڭ ماھارىتىگە، تېخنىكىسىغا باغلىق بولغىنىغا ئوخشاش، بىر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىرىلىشىمۇ تەھرىرلەرنىڭ ماھارەت، ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تەھرىرلەر قانچىلىك خىللانغان، تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان بولسا، ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىرىلىشىدا گەپ يوق. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 1980 - يىلدىن باشلاپ تەھرىرلىك خىزمىتىنى جاسارەت بىلەن قولغا ئالغان: تۇرسۇن نىياز، ھاجى ئەخمەت، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، دىلبەر قېيۇم قاتارلىق تەھرىر يولداشلارنىڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشى، قېتىرقىنىپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىلىق خەلق ئارىسىدا قەدىرلىنىپ، ئابرويى تاپتى. باشقىلارنىڭ «سۈپەتلىك، ياخشى باشقۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خېرىدارلىق ژۇرنال» دېگەن سەممىي، ئادىل باھاسىغا ئېرىشتى.

كەڭ كىتابخان جامائەتچىلىكى ژۇرنالنىڭ قەدىرلىك خېرىدارلىرى بولسا، كەڭ ئاپتورلار قوشۇنى ژۇرنالنىڭ بىردىنبىر تايانچى كۈچلىرىدۇر. تەھرىرلەر ئاپتورلارنىڭ يارىدىمىگە تايىنىپ ژۇرنال چىقىرىدۇ. ئاپتورلار تەھرىرلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكۈزۈپ ژۇرناللاردا ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ، كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. دېمەك ئاپتورلار ماھارەت مەيدانى قىلىشى ئۈچۈن ئەدەبىي ژۇرناللارغا قانچىلىك ئېھتىياجلىق بولسا، ژۇرناللمۇ ئۆزى ئۈچۈن بەدىئىي دەسمايە ھازىرلاپ بېرىدىغان ئاپتورلار قوشۇنىغا ئېھتىياجلىقتۇر. ئاپتورلارنىڭ كۈچى، ياردىمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقا تەرەپلەردىكى شەرت-

شارائىتلار تولۇق پىشىپ يېتىشتى، دېيىلگەن تەقدىردىمۇ ژۇرنالنى چىقىرىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى باشتىن - ئاخىرى ئۆز ئەتراپىغا ئاپتورلارنى كۆپلەپ جەلب قىلىشقا، ئۇيۇشتۇرۇشقا، ئىقتىدارلىق ئاپتورلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ قەرەللىك سانلىرىنى يۈزگە يەتكۈزگىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر خىل توسالغۇلارغىمۇ يولۇقتى، ئەگرى - توقاي يوللارنىمۇ باستى. ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى شانلىق مۇساپىلىرىنى ئەسلىگەن ۋاقىتلىرىمىزدا ژۇرنال ئۈچۈن بىر قاتار ئەمگەكى كۆپرەك سىڭگەن سۇزۇك، نۇرمۇھەممەت ئېركى، ھامۇت مەخمۇدى، ئابدۇرېھىم توختى، سېيىت زۇنۇن، ئابلا ئەخمىدى، ئابلىمىت ھاجى، ئابدۇسەمەت خېلىل، ھوشۇر ئىبراھىم، ئابلىمىت سابىر، مۇھەممەت ئېلىزۇنۇن، مىرزاھىدكېرىمى، ئابدۇرېھىم ئىسمايىل، ئابلىز ئۆمەر، ئابدۇرېھىم ساۋۇت، جېلىلى، مۇھەممەتسىدىق تۆمۈرى، تاھىر تالىپ، مۇكەررەم ئەبەيدۇللا، ئاتىكە زەمىر، مايگۈل پەخرىدىن، ئابلىكىم روزى، ئابلەت ئىسمايىل، ئابلىمىت قۇربان، ۋاھىتجان غوپۇر، يالقۇنجان ئىسلام، ئەختەم ئۆمەر، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم قاتارلىق ئاپتورلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئاپتورلىرى ئىلگىرى پەقەت قەشقەر رايونى دائىرىسى بىلەن چەكلەنسە، كېيىنكى مەزگىللەردە ژۇرنال سۈپىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، مەزمۇن سەھىپىلىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن ژۇرنال ئاپتورلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا قەدەر تارقىلىپ، بارغانسېرى كۆپەيدى. ئاپتورلار سانى دەسلەپكى يىللاردا ئارانلا ئەللىك - ئاتمىشقا يەتسە، ھازىر نەچچە ھەسسە ئۆرلەپ، بەش يۈز - ئالتە يۈزگە يەتتى. مۇشۇ ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئىجادىي كۈچى، قوشقان ھەسسىسى بىلەن تەھرىرلەر ئۆزلىرىنىڭ نامسىز قەھرىمانلىق جاسارىتى، قان - تەرى بەدىلىگە تايىنىپ ژۇرنالنىڭ قەرەللىك يۈزسانىنى غەلىبىلىك ھالدا خەلققە تەقدىم قىلىش بىلەن بىر چاغدا ئۆزلىرى بىۋاسىتە ئەسەر توپلاپ ۋە ئۇنى تەھرىرلەپ «قەشقەر ناۋاسى»، «سۈزۈك بۇلاق» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىنى، «تۈمەن دەرياسى» ناملىق بىر پارچە ھېكايىلەر توپلىمىنى، «خەزىنە» ناملىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى رەسمىي مىخ مەتبەدە نەشر قىلىنىپ، يەرلىك نوپۇزلۇق ژۇرناللار قاتارىغا كىرىش بىلەنلا تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتەك نۇرلۇق نىشاننى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلدى. بۇرۇندىن تارتىپ يېزىپ كېلىۋاتقان ۋە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان شائىرلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، قەرەللىك نەشر قىلىنغان سانلىرىنىڭ كۆپرەك سەھىپىلىرىنى شېئىرىيەت مېۋىلىرىگە بېغىشلىدى. ژۇرنالغا بېسىلغان بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيىتى، قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان بەدىئىي قىممىتى، ئۇسلۇبىدىكى رەڭدارلىقى، يەرلىك پۇرىقى، مىللىي ئالاھىدىلىكى، يەڭگىل ئىپادىلىنىش سەنئىتى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

شۇنى قەيت قىلىشىمىز كېرەككى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات

مۇسابىقىسى داۋامىدا كەڭ شائىرلار جامائەتچىلىكىنى پايدىلىق ئامىللار، پايدىلىق شەرت-شارائىتلار بىلەن تەمىنلەپ، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تېما تاللاش جەھەتتىكى رامكىچىلىق، مەزمۇن جەھەتتىكى شۇئارۋازلىق، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى قېلىپۋازلىق، ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى، يەنى ئىجادىيەت ئادىتىدىكى تەقلىدچىلىك، دورىمىچىلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىشتە بەلگىلىك ئاكتىپ روللارنى ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆز ئەتراپىغا توپلانغان شائىرلارنى ئىستىقباللىق ئىزدىنىش، يېڭىلاش، يېڭىلىق يارىتىش يولىغا باشلاپ، ھەر بىر شائىرنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈرۈشكە، شېئىرىيەت مۇنبىرىدە مۇستەقىل ئىش تۇتۇپ، ئۆز ئەجرى ئارقىلىق شۆھرەت قازىنىشقا ئىلھاملاندۇردى. شۇڭا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار ئىچىدە ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى يېزىلغان شېئىرلار ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدۇ. «سايرا، قەشقەر بۇلبۇلى» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «تەڭرىتاغ ناخشىلىرى» (تۆمۈر داۋامەت)، «تەلۋىچۈك» (تېيىپجان ئېلىيوپ)، «گۈزەل» (قۇربان ئىمىن)، «ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس» (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «لېرىكا لەۋھىلىرى» (تۇردى سامساق)، «سالام، ئېزىزانە قەشقەر» (مۇھەممەتجان سادىق)، «قەلب سوۋغىسى» (ھوشۇر ئىبراھىم)، «ئانا ۋەتەن» (ھامۇت مەخمۇدى)، «مەكىتتە تۇغۇلغان مىسرالار» (مۇھەممەت رېھىم)، «سۆيگەن ۋە سۆيۈلگەن يىللار» (ئىمىن ئەخمىدى)، «شامماللار غۇرۇلداپ سوققىن، توختىما» (مىرزاھىد كېرىمى)، «پەخىرلەن، دۇنياغا مەھمۇت ۋەتىنى» (نۇرمۇھەممەت ئېركى)، «ئېھتىرام گۈلدەستىسى» (مەمەتىلى زۇنۇن)، «چۈنكى مەن ئادەم» (تاھىر تالىپ)، «نان» (ئوسمانجان ساۋۇت)، «باھار نەزمىلىرى» (ئەسقەر ھۈسەيىن)، «ھۆرمەت چاچقۇلىرى» (ئەزىم ناسىر) قاتارلىق نۇرغۇن شېئىرلار بۇنىڭغا روشەن پاكىت بولالايدۇ. ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۆز كىتابخانلىرىغا تەقدىم قىلىنغان شېئىرلىرى ئۈچ مىڭ ئۈچ يۈز پارچىغا يېتىدۇ. بۇلار قەلىمى پىشقان، بەدىئىي ماھارىتى، ئىجادىيەت تەجرىبىسى تاكاممۇللاشقان، بىلىپ ۋايىغا يەتكەن پىشقەدەم شائىرلىرىمىز بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىنتىلىشىگە، بەدىئىي دىتىغا يارىشا قەلىمى ئەمدى - ئەمدى شەكىللىنىشكە باشلىغان ياش شائىرلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ۋۇجۇدىدىن ئۆز بويىقى ئارقىلىق تۆرەلگەن شېئىرلاردۇر.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆزىنىڭ چەكلىك سەھىپىلىرىدە يەنە، بۇ شېئىرلاردىن باشقا، خەلقىمىزنىڭ مول تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى قايناق ھېس - تۇيغۇلىرى ئىپادىلىگەن يىرىك شېئىرىي ئەسەرلەرنى، يەنى داستانلارنىمۇ ئېلان قىلدى. «ئۆمۈر داستانى» (سەيپىدىن ئەزىزى)، «سىمونت ئىشچىسى» (قۇربان ئىمىن)، «تۇتاش قەلبلەر»، (ئابلىمىت ھاجى)، «ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى» (مىرزاھىد كېرىمى)، «قۇياش قىزى»، (مەمەتىلى زۇنۇن)، «مۇقام ئوغلى ھەققىدە داستان» (سەمەت دۇگايلى)، «مەرىپەت يۇلتۇزى» (ئۇچقۇنجان ئۆمەر)، «كەچۈر مېنى مۇھەببەت» (يالقۇنجان ئىسلام)، «بىر مۇھەببەتنىڭ تارىخى» (ۋاھىتجان غوپۇر)، «رىزۋانگۈل» (دىلبەر قېيۇم) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئون نەچچە پارچە داستان كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بۈگۈنكى زامان سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدا بىر گۈلنى، يەنى شېئىرىيەت گۈلىنى ئېچىلدۇرۇش، پەرۋىش قىلىش بىلەن تىلا

جامائەتچىلىكىنىڭ نەزەرىگە چۈشمىگەن. ئۇ ئۆز سەھىپىلىرىدە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ پۈتۈن ژانىرلىرىدا ھەممە گۈللەرنى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ خۇشپۇراق ئېچىلدۇرۇشقا بىردەك كۈچ سەرپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن ئىبارەت بۇ ئىجادىيەت سەھنىسىدە شېئىرىيەت ژانىرىدىن باشقا پروزا ئىجادىيىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى زور بىر تۈركۈم خېلى كۈچلۈك، ھوسۇلى مول، نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغان يازغۇچىلار قوشۇنى ئوتتۇرىغا چىقتى. نەتىجىدە كەڭ كىتابخانلار «قەشقەر ئەدەبىياتى»نى قىزغىن ۋاراقلاپ ئۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭغا پاكىت قىلىپ: «قەشقەر گۈزىلى» (تۇردى سامساق)، «ئۇنتۇلغان بىر ئىش» (ئابلىمىت ھاجى)، «خەيرلىك كېچە» (ئابلىمىت سابىر)، «چىلىم» (مەمتىلى زونۇن)، «ئالماس ئەپەندى» (سېيىت زۇنۇن)، «ئېچى بولمىسا سېپى بولمايدۇ» (نۇر روزى)، «ئۇيقۇلۇق سەھەر» (ئەختەم ئۆمەر)، «ئالمىچى» (مۇھەممەت باغراش)، «تەكلىماكان گىرۋىكىگىچە» (زوردۇن سابىر)، «ئانا» (دىلبەر قېيۇم)، «سېزىك» (مايگۈل پەخرىدىن)، «تاختا كۆۋرۈك» (تۇرسۇنجان سادىق)، «قوش قەبرە» (تۇرسۇن نىياز)، «كاسىپ» (ئەبەيدۇللا ئىبراھىم)، «گۈلسۇمنىڭ ئېرى نەگە كەتتى» (مۇھەممەت ئىمىن) قاتارلىق ھېكايىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ژۇرنال نەشىر قىلىنغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۈچ يۈز پارچىغا يېقىن ھېكايىنى ئاممە بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» بارغانسېرى ئۆزگىچە ئېچىلمىۋاتقان خۇشپۇراق گۈلدەك كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن روناق تاپقان تەرەققىيات مۇساپىسى داۋامىدا، يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزغا ئېلان قىلىنغان ھېكايىلەردىن باشقا تۇرمۇش رېئاللىقى، زامان قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يېڭى بۇرۇلۇشلار نىسبەتەن كەڭرەك دائىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ياراملىق پوۋېستلارمۇ مەيدانغا چىقتى. «قۇمغا كۆمۈلگەن جەسەت» (سېيىت زۇنۇن)، «يوللارنىڭ بېرى» (ئابلىمىت ھاجى)، «سەبىيلەر پاجىئەسى» (ئەخەت تۇردى)، «گۈلجامال» (ھاجى ئەخمەت)، «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» (ئەختەم ئۆمەر)، «ھالاكەت» (نۇر روزى)، «‹قېقنۇس› نىڭ تويى» (تىلىۋالدى ئەيسا، ئادالەت ھېبىبۇللا)، «ئۇنتۇلغان زېمىن» (ئەخمەت مۇساق) قاتارلىق پوۋېستلار بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا تۇتقان بەلگىلىك ئورنى، ھاياتىي كۈچى بار، تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر، بەدىئىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان دەۋرىمىزدىكى يىرىك پروزا ئەسەرلىرى جۈملىسىگە كىرىدۇ.

ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ھېكايە، پوۋېستلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېڭى زامان تېمىلىرىدا، يېڭى زامان كىشىلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇلار دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، مەزمۇنى ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەن چوڭ - كىچىك ھەجىمدىكى ۋە قەلىمى كەڭ، يېڭىچە بايان قىلىنغان پروزا ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە تارىخىمىزدا ئېچىنىشلىق ئاچچىق ساۋاق خاتى-

رىسىنى قالدۇرغان زۇلمەتلىك يىللاردىكى قاراڭغۇلۇق، مالىمانچىلىق بىلەن تولغان رېئاللىق مەركەزلىك پاش قىلىنىپ، تېرورلۇق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان زورلۇق ـ زومبۇلۇق ھەرىكەتلەرگە غەزەپلىك لەنەت ياغدۇرۇلغان. كۆپ سانىنى تەشكىل قىلغان پروزا ئەسەرلىرىدە پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ھاياتلىقىمىز — مۇقەددەس ئانا تۇپرىقىمىزدا مەيدانغا كەلگەن بۆسۈش خاراكتېرىدىكى تېز ئۆزگىرىشلەر قەدەملىرى، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ئىسلاھات دولقۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز قىياپىتىنى يېڭىلاش، گۈللەندۈرۈش يولىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئۆزگىرىشلىرى، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولۇش، مۇقىملىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ـ ساقلاش ۋەزىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، قەھرىمان، جاسارەتلىك خەلقىمىزنىڭ غايىۋى ئىزدىنىشلىرى، سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ماڭغان ئىستىقباللىق ئۆزگىرىشلىرى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى باتۇرانە كۈرەشلىرى جانلىق، يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن ئەدەبىي تەنقىد — ئەدەبىيات ئىلمى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ، شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە، قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئالاھىدە يېتەكلەش، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ئاملىلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «ئىپتىخارلىق قەلبىنىڭ لىرىك ساداسى» (مۇھەممەت پولات)، «خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك قۇرۇلمىسى» (ئابدۇكېرىم راخمان)، «گۈللىنىۋاتقان ئەدەبىيات گۈلىستانى» (ئابلىمىت ھاجى)، «ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتتىكى رولى» (ھاجى ئەخمەت)، «مىكرو ھېكايە ھەققىدە» (مۇھەممەت ئىسمىدىق تۆمۈرى)، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ھەققىدە» (ئۇچقۇنجان ئۆمەر)، «خوجى سىدىق قۇتۇھى» (ئابدۇرېھىم ساۋۇت)، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» (قۇربان ئىمىن)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم» (يار مۇھەممەت تاھىر)، «ئورۇنسىز گۇمانخورلۇق، پەرەزلەتسىز يېزىقچىلىق» (كېرىمجان ئابدۇرېھىم) قاتارلىق ئەسەرلەر كىتابخانلارنىڭ خېلى قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

دېمەك، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەيدانغا كەلگەن مەزگىلىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا تەئەللۇق ئىلمىي ماقالىلەر، ئەدەبىي ئوبزورلار، مۇھاكىمە، مۇلاھىزىلەر يەتمىش بىر پارچىغا، («مەسلىھەت چېيى» (مەمتىلى زۇنۇن)، «ئامانىسا» (سەمەت دۇگايلى) قاتارلىق سەھنە ئەسەرلەر يەتتە پارچىغا، ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش، ياش سەنئەتچىلەر، ئەدىبلەر، يازغۇچى، شائىر بىر يۈز بەش كىشىگە، بالىلار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر توقسان پارچىغا، ساتىرا ۋە يۇمۇرلار بىر يۈز سەكسەن تۆت پارچىغا، كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر ئەللىك بەش پارچىغا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق ئەسەرلەر بىر يۈز ئاتمىش سەككىز پارچىغا، ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن تاللاپ تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلەر بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى پارچىغا، چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن تاللانغان نەمۇنىلار بىر يۈز قىرىق ئالتە پارچىغا يەتتى.

ئاخبارات ئەدەبىياتى بەدىئىي ئەدەبىيات بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان، خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار بىر ساھە، خەلقىمىز ئۈچۈن بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەئەللۇق ئەسەرلەر قانچىلىك كېرەك، قانچىلىك زۆرۈر بولسا، ئاخبارات ئەدەبىياتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەسەرلەرمۇ شۇنچىلىك كېرەك ھەم شۇنچىلىك زۆرۈردۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئاخبارات ئەدەبىياتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ئەسەرلەرنىمۇ داۋاملىق ئىشلىتىپ بۇ ئاجىزھالقىنى كۈچەيتىش، جانلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ كەلمەكتە.

ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىنى قوللاش ئىستىلى، ئۈنۈملۈك تەجرىبىلىرى خەلقنى سۆيۈندۈرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، ئارتۇقچىلىق، ئالاھىدىلىكلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشلىرى بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىدۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ دۇنياغا كەلگەن كۈنىدىن تارتىپ ئاجىز ھالەتتىن كۈچىيىش، سان-سۈپەت جەھەتلەردە قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلەش مەنزىلىگە قاراپ يۈزلىنىش داۋامىدا باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى سەمىمىي قوبۇل قىلىش، مۇستەقىل ئىجادىي ئىزدىنىش يولىدا مېڭىش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىدە ئېلان قىلىنغان بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق قېرىنداش ئەدەبىي ژۇرناللار ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى، بۇ ژۇرنالدىن بىر پوۋېست، بىر ئاخبارات ئەدەبىياتى، بىر سەھنە ئەسىرى، ئالتە پارچە ھېكايە، ئون نەچچە پارچە شېئىر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئون ئىككى پارچە ھېكايە، بىر پوۋېست، يىگىرمە ئۈچ پارچە شېئىر، بىر پارچە ئەدەبىي ئوبزورنى ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدا نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان «تارىم» ۋە قېرىنداش ۋىلايەتلەرنىڭ يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللىرى كۆچۈرۈپ باستى. يەنە بۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» پوۋېستى (ئەختەم ئۆمەر) 1990-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتى نەمۇنىلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنىدا ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى ئىچىدىن تاللىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى. «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالە (ئۇچقۇنجان ئۆمەر) 1989-يىل ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە مەملىكەتلىك «مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. «ساداقەت»، «ئامانىسا»، «شامىلار گۈلدەپ سوقىدۇ، توختىما»، «ئېيىپى بولمىسا، سېپى بولمايدۇ»، «مارالبېشى»، «مەرىپەت يۇلتۇزى ھەققىدە قىسسە»، «تاختا كۆۋرۈك» قاتارلىق ئەسەرلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش يىغىنلىرىدا مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قېرىنداش مىللەتلەردىن جۇڭگوۋەنخۇا، نۇرمەھەممەت ئېركى، ئاتىكە زەمىر، مونى تابلىدى، ئادالەت ھېبىبۇللا قاتارلىق خەنزۇ، تاجىك، ئۆزبېك يازغۇچى، شائىرلىرىمۇ بەلگىلىك ھەسسىلىرىنى قوشۇپ، ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ژۇرنال بېتىدىن ئورۇن ئېلىپ كېلىشتى.

تەرەققىيات جەريانى — ئىلگىرىلەش، كېڭىيىش، چوڭقۇرلىشىش جەريانى، ساندىن

سۈپەتكە ئۆتۈش، دەۋردىن دەۋرگە كۆچۈش جەريانى، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتلەردە يۇقىرى سەۋىيىگە، زامانىۋىلىششقا يۈزلىنىش جەريانىدۇر. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىمۇ مۇشۇ نىشاننى بويلاپ تەرەققىي قىلىپ، شېرىن مېۋىلەرنى بېرىپ بىر قاتار كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنىڭدا يەنە ئاساسلىق ئېقىمغا ئەگەشكەن ھالدا سالمىقى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى نۇقسانلىقلارمۇ سادىر بولۇپ كەلمەكتە، قوبۇل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ساۋاقلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ نۇقسانلار ئاساسەن ژۇرنالغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكىدە كۆرۈلمەكتە. تەھرىرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەتتىكى نورمالنى ئۆلچەم بىلەن تاللىغاندا كىرگۈزۈلگەن شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ژۇرنالغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئارانلا ئوندىن بەش پىرسەنتى كارغا كېلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ژۇرنالنىڭ ھەر بىر سانلىرىنى ئىنچىكىلەپ ۋاراقلاپ ئاختۇرىدىغان بولساق، مەلۇم نىسبەتنى تەشكىل قىلغان مەزمۇنى چېچىلاڭغۇ، بەدىئىي قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولمىغان، تىلى قوپال، خام يېزىلغان سۈپەتسىز ئەسەرلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

بىرەر ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى، ئابرويىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئىككى تەرەپتىكى ئامىلغا ۋە ئىككى تەرەپتىكى ئورتاق تىرىشچانلىققا باغلىقتۇر. ئۇنىڭ بىرى، كەڭ ئاپتورلار جامائەتچىلىكىنىڭ بەدىئىي دىتى، ئىجادىي كۈچى بولسا، يەنە بىرى، تەھرىرلەرنىڭ تەلەپچانلىقى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى. مول، ئۇنۇملۇك تەجرىبىلەر بىلەن يۇغۇرۇلغان ژۇرنال باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تەھرىرلىك ئىقتىدارىدىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنىلا ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي كۈچى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ ھەم ھەل قىلغۇچ رولىنى ئوينايدۇ. چۈنكى تەھرىرلەر قانچىلىك ئىقتىدارلىق، قانچىلىك مەسئۇلىيەتچان، قانچىلىك تەجرىبىلىك بولغىنى بىلەن كۈچلۈك، ماھارەتلىك ئاپتورلار قوشۇنىغا، سۈپەتلىك ياخشى ئەسەرلەرگە ئىگە بولالمىسا ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىي ژۇرنال — ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر مۇھىم بازىسى، ئىجادكارلارنىڭ بەدىئىي ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى. بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بەدىئىي تۇرمۇش زېمىنىدا جەۋلان قىلىپ يۈز سانىنى كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش بىلەن بەدىئىي ھايات مۇساپىسىدا ئۆز بۇرچىنى غەلىبىلىك ئادا قىلىپ، مەرىپەتچى سەنئەتخۇمار خەلقىمىزگە ھەر تەرەپلىمىلىك بەدىئىي نەپ بېرىپ كەلدى.

قانائەتلىنىشتىن ساقلىنىش، يېتەرسىزلىك، نۇقسانلارنى تۈگىتىش، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىش، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇش — بىزنىڭ ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئېسىل ئەنئەنىمىز. دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەزمۇنلىرىنى بارغانسېرى بېيىتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز ئۈچۈن تۈگىمەس ماتېرىيال مەنبەسىنى ئېچىپ بەرمەكتە. كوممۇنىستىك پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈيۈك ئىسلاھات دولقۇنى پارلاپ نۇر چېچىپ، مۇقەددەس دىيارىمىزغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، ئاجايىپ يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. كەڭ ئىجاد-

كارلىرىمىز ئۈچۈن ئىلھام، كۈچ، بەدىئىي ماھارەت، بۆسۈش، جاپالىق ئىزدىنىش، تىرىشىپ يېڭىنى ئىجاد قىلىش روھىنى بېغىشلىماقتا. ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن روناق تاپقان خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجى ياخشى يېزىلغان سەۋىيىلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە چۈشمەكتە.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت غايەت زور ئىجتىمائىي ھاياتىي كۈچكە، مۇھىم ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگىدۇر. ئۇنىڭ جەڭگىۋار ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى بىلەن گۈزەللىك قىممىتىنى رېئالىستىك ئۇسۇلدا جانلىق، كونكرېت يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت يۈكسەك چىنلىقتا ۋە ئەڭ ئالىي غايىگە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان ئەدەبىيات-سەنئەتتۇر.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تولۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى ماھىيەتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك تىرىشىپ خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

بىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشىغا سادىق يېڭى زامان ئىجادكارلىرىمىز چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن، رېئاللىق ھەقىقىتى بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئالاھىدە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە، يېڭى كىشىلەرنىڭ يارقىن، تىپىك بەدىئىي ئوبرازىنى يارىتىش، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى يۈكسەكلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئىچكى دۇنياسىدىكى گۈزەللىكىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق خەلقنى سوتسىيالىستىك ئىدىيىدە تەربىيىلەش، ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىشىشقا يۈرۈش قىلىشتەك ئاكتىپچانلىق روھىغا كۈچلۈك ئىلھام بېرىشتەك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. جۈملىدىن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرلىرىنىڭ، ئاپتورلار قوشۇنىنىڭ ئۈستىگىمۇ بۇ شەرەپلىك ۋەزىپە يۈكلەنگەن.

دېمەك، بىرەر پارچە ئەسەرنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى ئالاھىدە شۆھرەت قازىنىش، ئەدەبىيات تارىخىدىن، مىللەت، دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئورۇن ئېلىش، ئالەملىك تەسىر كۆرسىتىش — نەچچە ھەسسىلەپ كۈچ سەرپ قىلىنغان بەدىئىي ماھارەتكە، ناھايىتى زور دەرىجىدىكى تىرىشچانلىققا باغلىقتۇر. شۇڭا ئۆز ئىجادىيەتلىرىنىڭ تەرەققىيات يۈنىلىشىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئاپتورلىرىمىزدا تېما تاللاش، بەدىئىي ماھارەت، دەۋرىمىز روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مۇكەممەل بەدىئىي خاراكتېرنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەھەتلەردە دادىل ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، بەدىئىي ئىجادىيەت پەللىسىگە ئۆرلەش روھى بولۇش كېرەك.

خەلقنىڭ تۇرمۇشى، خەلقنىڭ كۈرىشى، خەلقنىڭ ئارزۇسى، ئەدەبىياتنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس باي ماتېرىيال كانىدۇر. خۇددى ۋ.گ.بېلىنىسكىي كۆرسەتكەندەك:

«ئەدەبىيات خەلقنىڭ سەزگۈسى، ئۇنىڭ روھىي تۇرمۇشىنىڭ نۇرى ۋە مېۋىسى»دۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئەدەبىياتتىن ئايرىلمايدۇ، ئەدەبىيات خەلقتىن ئايرىلمايدۇ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دېڭىز-بېلىقتەك مۇناسىۋەتتۇر.

پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان «ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» يۆنىلىشى — بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ ئېغىشماي ماڭىدىغان بىردىنبىر ئىستىقباللىق تەرەققىيات يولى، ئۆزىنى مۇشۇ دەۋرنىڭ ۋىجدانلىق ۋەكىلى دەپ ھېسابلىغان يازغۇچى، شائىرلىرىمىز خەلقنىڭ ئۈمىدىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ياقىدىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتا ئالدى بىلەن پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى چوڭقۇر خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشكە، خەلقنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئىپادىلەش سەنئىتىنى، ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە، سوتسىيالىستىك رېئاللىقنىڭ ماھىيەتلىك يېڭى ئۆزگىرىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش شارائىتىدىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، مۇقىملىقنى، يېڭى ئىش، يېڭى كىشىلەرنى، ئىتتىپاقلىقنى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەشكە قارىتىشى لازىم.

مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ن.ۋ. گوگول: «يازغۇچىلارنىڭ بىرلا ئۇستازى بولىدۇ، ئۇ، ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى» دەپ كۆرسەتكەندەك، يازغۇچى شائىرلارنى ئەدەبىي ئەسەردىن ئىبارەت ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قىممەتلىك مەنىۋى بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت دېسەك، كىتابخانلار ئاممىسى ئەنە شۇ مەنىۋى بۇيۇملارنىڭ ئەڭ ئېھتىياجلىق خېرىدارلىرىدۇر. ئەمدى ئەدەبىي ژۇرناللار بولسا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ كاللىسىدىن تۆرەلگەن گۆھەرلەرنى كىتابخانلارنىڭ قەلبىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر قاتناش قورالىدۇر. كىتابخانلار ئاممىسى بىلەن يازغۇچىلار، يازغۇچىلار بىلەن تەھرىرلەر ئۆز ئارا ئۇستازلىق، دوستلۇق مۇناسىۋەتنى ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئورنىتىدۇ. مانا بۇنىڭدىن بىز ئەدەبىي ژۇرنالنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك، ئاممىۋى ئاساسىنىڭ نەقەدەر كەڭ، ئەھمىيىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ يۈز سانغا تولغانلىقىنى خاتىرىلەش — يالغۇز ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ ئىشى بولماسلىقى كېرەك. ئۇ پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىمىزدىكى مەرىپەتچى، سەنئەتخۇمار خەلقىمىزنىڭ، جامائەتلىك، ئىجادچان كەڭ ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئورتاق ئىشىدۇر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات-سەنئەت تارىخىدىكى، باي مەنىۋى ھايات دۇنياسىدىكى چوڭ ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەسىرى بىر قەدەر چوڭقۇر بولغان خاتىرىلەش پائالىيىتىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈش مەزگىلىدە خەلقىمىز قەلبى، ئاپتورلار قەلبى ئىپتىخارلىق ئىشەنچىگە تولۇپ، سۆيۈنۈش، شادلىق تەنتەنىسىگە چۆمۈلمەي قالمايدۇ.

ئىشىنىمىزكى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى قەشقەر رايونى ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى قوشۇپلا قالماستىن، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردىمۇ تۈرتكىلىك بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ۋەختەم ئۆمەر

# مېنى تەۋرەتكەن بۆشۈك

(ئەدەبىي خاتىرە)

كىشىلەر بۆشۈك ھەققىدە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە. ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۇنى ئەسىرلەر بويى «ئانا» دېگەن ئىسمىنىڭ ئىككىنچى مەنىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقى زامان كىشىلىرى بۆشۈك ھەققىدە يېڭىچە مۇنازىرىمۇ تېپىۋالدى: «تۇغۇلۇشى بىلەنلا بۆشۈككە چىڭ تېڭىپ، بىر تەۋرەتكىلى تۇرسا، قاتتىق مېڭە ئېلىشىپ كېتىپ، ئەقلىمىز قېنىدىن چىقىپ، ئۆمۈر بويى ئۆزىمىزنى بىر مۇنچە تېڭىقلار بىلەن چۈشەپ، ئەقلىمىز چوڭقۇرلىماي، قولىمىزنى بەك نېرىغا سوزالماي، پۇتىمىز تۇرۇپ يەرگە دەسسىيەلمەي، ئۆزىمىزنى چۈشكەن پېتى ئۆلۈپ تۈگەيمىز. بالىنى بۇ بۆشۈككە بۆلىمەسلىك كېرەك.» كىشىلەر مەيلى قانداق مۇلاھىزە قىلىشمىسۇن، مىڭلىغان، مىليونلىغان ئانىلار بىزنى يەنىلا بۆشۈككە بۆلەپ، پۇتمەس-تۈگىمەس ئانىلىق مېھرىنى شۇ بۆشۈك يېنىدا تۇرۇپ بىزگە بېرىپ كەلدى. بۇ ئادەت ئاتا-ئانىلارنىڭ روھى ئارقىلىق قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا بىزمۇ تاكى بۆشۈككە بۆلىنىپ تەۋرەتمىگىچە ئارام تاپماي يىغلاپ كەلدۇق. بۆشۈك بىلەن ئېمىزگە شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھىمىز. خۇددى پۇت-قول، بۇرۇن-قۇلاققا يېقىن بىر ئەزايىمىزغا ئايلىنىپ، بىز قەيەردە مەۋجۇت بولساق، ئۇمۇ بىزدىن ئايرىلمىدى. ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن نەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان قانلىرىمىزدا بۆشۈك بىلەن ئېمىزگىنىڭ گېنلىرى بىللە ئېقىپ ئۆتۈۋەردى. مانا بۇ بىزدە قالغان چوڭقۇر تەسىرات، بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمىز. «ۋەتەن مېنىڭ بۆشۈكۈم»، «ئىنقىلابنىڭ بۆشۈكى» دېگەندەك، بىز ئۇچۇن ئەڭ ئەھمىيەتلىك، مۇقەددەس ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بۆشۈك ئارقىلىق مەنىسىنى تاپقان بولدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۆشۈك مۇندىن كېيىنمۇ يېڭى كۆچكەن قانلىرىمىزنىڭ تۇنجى تۇرالغۇسى بولىدىغانلىقى ئۇچۇن، مېنى مۇقەددەس جاپالىق ئىشىم بىلەن تونۇشتۇرغان ۋە ئەدەبىي ھايات بىلەن كۆز ئاچقۇزغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» «مېنىڭ بۆشۈكۈم» دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمەن. ئۇ، مۇكەممەل ئەللەي ناخشىسى ئىچىدە بۆشۈك تويۇمنى قىلىپ، جامائەتكە يېڭى بىر بوۋاق ئەدىبنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى يۈرەكلىك ھالدا كۆلۈپ تۇرۇپ جاكارلىغانىدى. بۇ مەنزىرە تۇنجى قېتىم قىلغان ئىبادىتىمدەك مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

كۆلكە جىق بولغىنى بىلەن چىن كۆڭلىدىن كۆلمەك ئىنسان ھاياتىدا پەقەت بىر قانچە قېتىم نېسىپ بولىدۇ، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق. ئاشۇنداق تەسكە چۈشكەن، نۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلگەن بۇ كۆلكە ئۇچۇن ئۇستازىم ھاجى ئەخمەت ئاكا ئىككى ھەپتە ئاغزىدا نەم قالمىغىچە سۆزلەپ، باشقىلارنى بېشىغا سۈس لەگشىتالىغۇدەك قايىل قىلالىغان. كۆڭلى يۇمشاق، ئازارسىز تۇرسۇن نىياز ئاكا غەزەپتىن تىترەپ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكۈچە ئاچچىقلىنىپ، ھەپتە ئاچچىق

يۇتقاندى. بىر كۈن ھاياجانلانسا ھەپتىلىك، بىر كۈن ئاچچىق يۇتسا، بىر ئايلىق ئۆمۈر قىسقىرايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. بۇ قاراش مۇتلەق توغرا دېيەلمەيمىز، لېكىن ئۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ مانا بۇ غەرەزسىز قۇربان بېرىشلەر چوڭ، پىشقان ئادەملەرنىڭ بىر ھەۋەسكار بالا ئۈچۈن قۇربان بېرىشى ئىدى. ھازىر باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش ئەمەس، بىكاردىن بىر قەدەم خالىس مېڭىشمۇ ئادەملەر ئۈچۈن باشقاتۈرىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قالمىدىمۇ؟

— ئوتتۇز يىل قەلەم ئاستىدا مۈكچىيىپ كەتكەن نى-نى ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ بىرەر پوۋېستىنى باسماي تۇرۇپ، تۈزۈكرەك بىر پارچە ھېكايىسى ئېلان قىلىنمىغان، ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن بىر سېرىق تۈكلۈك بالىنىڭ پوۋېستىنى ئېلان قىلسا خەق نېمە دەيدۇ؟ بۇ پىشقەدەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھۆرمەتسىزلىك، ژۇرنالنىڭ جەمئىيەتتىكى نوپۇزىغا قىلىنغان ھاقارەت. جامائەت ئالدىدا بۇ قاملاشمىغان ئىش ئۈچۈن چوقۇم بارماق چىشلەپ قالىدىغان ئىش بولىدۇ.

بۇ ئەينى چاغدا ساناقسىز ئاتالغان دۆڭلەر، تۈگمەن ئۆچرىتىگە ئوخشاش خۇراپىي ئادەت ئالدىدا راستىنلا ئادەمنىڭ پېيىنى سىقىۋېتىدىغان پارتلاش خاراكتېرلىك ئىش ئىدى. ئۇلار ئىشەنچ بىلەن بۇ پارتلاش پىلىكىگە ئوت ياقتى:

— بۇ قىمارۋازنىڭ ھوشۇق ئاتقىنىدەك ئىش بولىدىغان بولدى، ئاكا! «يادەتتىكام» دەپ بىر ئاتىلى، ئۇتساق ئۇتتۇق، ئۇتتۇرۇۋەتسەك، بىزدىن ژۇرنالنى ئۇتتۇۋالار، — دېدى ھاجى ئەخمەت ئاكا كەسكىن ھالدا قولىنى شىلتاپ.

— مېنىڭچە چوقۇم ئۇتتۇۋالىمىز، لېكىن ئۇتۇش ئۈچۈن ئازراق جۈرئەت قىلساق بولىدۇ، — دېدى تۇرسۇن نىيازئاكا ئېغىر تىنىپ، تاماكىسىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ يۆتىلىپ.

— كىشىلەر چىدىمىسا مەندە مانا مۇشۇ قۇرۇق ئۇستىخان قالدى. سەن سېمىز بولغاندىكىن تويغىچە تۇرۇپ بەرمەمسەن، يەنە ماۋۇ بوتىلاق دېلبەر سىڭلىمىزمۇ بار تېخى...

كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئەمما بۇ كۈلكە ئانچە كۆڭۈللۈك كۈلكە ئەمەس ئىدى. مەن ئازابلاندىم، بۇ خەقنىڭ نەزەرى، پىكىر قىلىش شەكلى، تەپەككۇرى بويىچە بولغاندا، مەنمۇ ئوتتۇز يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قەلەم ئاستىدا قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ، ساقىلىم ئاقارغاندا ئاۋۋال ھېكايە، ئاندىن پوۋېست، ئۇنىڭدىن كېيىن رومان يازسام، تەرتىپ بويىچە ئېلان قىلسام بولامدىغاندۇ؟ مەشھۇر ئەدىبلەر ئون تۆت يېشىدا رومان يازغان دەپ ئۆزلىرى سۆزلىشىدۇ. شولوخوۋ ئون سەككىز يېشىدا «تىنچ دون» نىڭ بىرىنچى كىتابىنى تاماملىغان دېيىشىدۇ. بۇنى يەقەت سۆزلەش، باشقىلار ئالدىدا ئۆزى يازغاندەك پەخىرلىنىش ئۈچۈن دەمدىغاندۇ؟ يىراق مەكتەپتىكى تۇنجى ئۇستازىم تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم خەت ئارقىلىق ماڭا ئىلھام-مەدەت بەردى. زوردۇن سابىر ئاكىمۇ ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار، غايىلىك بولۇشۇم توغرىسىدا ئاتايىن خەت يازدى. يەنىلا بالىلىق... ئۇلار ھەممىسى ھەر تەرەپتە مەن ئۈچۈن غەم يەپ، ئازار يەپ، ئىشىمنى ئوڭغا تارتىۋاتسا، مەن يەنە نېمە دەپ خاپا بولىمەن؟ بالىلىق ھېسسىيات بويىچە: نان يەردىن شۇنداق ئۈنۈپ چىقسا، چاي ئاسماي تويسا؛ يول تۈز، باشقا ئادەم بولمىسا؛ ئۇدۇل باردىغان يەرگە پۇتلاشمىسىز يەتسە. قانىتى بولسا ئۇچسا...

ھازىر بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمگە كۈلگۈم كېلىدۇ. مەن شۇ چاغدا يىگىرمە ئۈچ ياشتا ئىدىم. شۇ ۋاقىتچە شىنجاڭ مەتبۇئاتلىرىدا يىگىرمە ئۈچ ياشلىق بالىنىڭ پوۋېستىنى ئېلان قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ يېڭىلىق ھېسابلىناتتى. ئۈرۈمچى تەرەپتىن خوشاللىق، ھەيرانلىقتا يېزىلغان خەتلەر، دوئايى سالاملار كەلدى. بۇنىڭ ئارىسىدا ئاچچىقلىرىمۇ، تاتلىقلىرىمۇ، كىنايىلىكلىرىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە. «بۇ — بىر دادىل قەدەم!» بۇ سۆز ئاپتور ئۈچۈنمۇ، ژۇرنال ئۈچۈنمۇ ئورتاق باھا ئىدى. بەزىلەر:

— ئۇ بالىدىن پارا ئالدى، بولمىسا ئۇلار بۇنداق كۈلكىلىك ئىشقا قاراپ تۇرۇپ تەۋەككۇل قىلامدۇ؟... ئۇ ياكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىكى بىرسىنىڭ تۇغقىنى، يا بولمىسا، بىرەر يۈزى يوغاننىڭ پۇشتى...

— چوقۇم بىر گەپ بار، پوۋېستنى ئىككى ساندا بېرىلىك، تېخى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇك... تويىنى قىلىپ بېرىپتىغۇ، بۇ كەم كۆرۈلىدىغان ئالجىش!...

— ساقىلى ئاقارغانلارنىمۇ بۇنداق تونۇشتۇرمىغان!...

بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز خۇش بولىدىغان، ئەڭ تاتلىق غەيۋەتلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى.

— ھەي، ئەختەم دېگەن سەنمۇ، قەشقەر ئەدەبىياتىدىكىلەرگە نېمە بەردىڭ؟...

بۇ نومۇسسىز، ھاقارەتلىك گەپلەر مەڭگۈ ئۇنتۇلماستۇر. مەن ئۇلارغا پەقەت ئۆز قول يازمامدا بىريۈز يەتمىش بەتلىك بىر پوۋېست بەرگەن ئىدىم. مەن ئاستا-ئاستا بىلىپ يەتتىم، بۇ پاراڭلار قۇرۇق گەپتىن باشقا، ھېچ بىر ئىجادىيەت قىلمايدىغانلارنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسى ئىكەن.

بىر كۈنى ھاجى ئەخمەت ئاكىنىڭ ئۇزۇن يىللىق بىر ئاغرىقىسى تۇتارغان ھەم قارىدىغان ھالدا تەھرىر بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى.

— ھە، ئاداش، نېمە بولدۇڭ؟ چىرايىڭدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى ھاجى ئەخمەت ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قويە، ئاداش، سېنى!... «قەشقەر ئەدەبىياتى» بالىلار يەسلىسىگە ئايلىنىپ قالدىمۇ نېمە؟

شۇئان ھاجى ئەخمەت ئاكىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزدى:

— ھە، قانداق دەيسەن؟

— بىر سېرىق تۈكنىڭ بىر نېمىسىنى «پوۋېست» دەپ...

— ئادىشىم، مۇشۇنداق گەپلەرنى ماڭا ئىككىنچى دەپ كەلمىگىنىڭ ياخشى، ماقۇلمۇ؟

— بۇ مېنىڭ گېپىم ئەمەس، جامائەتنىڭ پىكرىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن مىڭ ئادەم ئەرز-شىكايەت قىلىدىغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمەس، سەن بېرىپ يەتكۈزۈپ قويغىن، سەن دېگەن جامائەت مىڭ ئادەم بولساڭلار مىڭ پارچە پوۋېست يېزىپ كېلىڭلار، ھەتتا رومان بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بوۋاي-مومايلار يازامدۇ، ئىشتىنىنىڭ ئېغى يوق بالا يازامدۇ، يازغىنى بىر نېمىگە ئوخشىسىلا بېسىۋېرىمىز. بىز خىزمەت قىلىمىزمۇ، يا ئەرز-داد ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنى كۈتىمىزمۇ؟ ئىككى ئايدىن بېرى ئەسەرنى كۆرۈپ باقمايلا چۆچۈپ كېتىپ ئەرز-

داد ئىبتىقانلارنىڭ دادىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز. بىزنىڭ بۇيەر ئەرزخانا ئەمەس، تەھرىر بۆلۈم!...

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

— ياق بولدى ئەمدى، سەن بىلەن دېيىشىدىغان گېپىم تۈگىدى. ئەسەرنى ياخشىراق ئوقۇپ بېقىپ، پىكرىڭ بولسا كېيىنچە يەنە كېلەرسەن.

ئۇ كەتتى، ئەمما ئىككىنچىلەپ كەلمىدى. مانا بۇ ئوتتۇز يىللىق دوستلۇقنىڭ بىر سېرىق تۈك ھەۋەسكارنىڭ يازمىسى ئۈچۈن قۇربان قىلىنىشى ئىدى.

مەن خۇشال بولۇپ تۇنجى يىرىك ئەسىرىمنى ئېلان قىلىشنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈردۈم. ئەمما ئۇلار راستىنلا بىر پەسىل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۆزىگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالدى.

بۇ ئەسەر، يەنى ئاشۇ غەۋغاغا سەۋەب بولغان ئەسىرىم — «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېستىم ئىدى. بۇ مېنىڭ تۇنجى ئېلان قىلغان ئەسىرىم ئەمەس. تۇنجى قېتىم 1983 - يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى بىر ھېكايەمنى ئېلان قىلغان، 1982 - يىلى بولسا كېرەك، مەكىت ناھىيىسى ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىپ، مۇئەللىپ سېيىت ئاكا مېنى ئەدەبىيات ھەۋەسكارى سۈپىتىدە بۇ يىغىنغا قاتناشتۇرغان. بۇ يىغىنغا «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن بىلەن ئۇچقۇنجان ئۆمەر بارغان. يىغىندا مەن ئوتتۇرىغا قويغان ھېكايىمنى ئاڭلاپ، ئۇلار مەن بىلەن ئالاھىدە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن ۋە بىر ھېكايەمنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى، «تۇمار» ناملىق بۇ ھېكايەم 1984 - يىلى ئېلان قىلىنىدى. پوۋېستىمنىڭ «قەشقەر ئەدەبىياتى» غا سۇنۇلىشىمۇ بىر ئۇنتۇلماس كۆرۈنۈش ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتە ياتىقىمدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كېچىچە يېزىپ تۈگەتكەن پوۋېستىمنىڭ ئاخىرقى قۇرىغا چېكىت ئۇرۇپ ئولتۇرسام بىر شەپە بولغاندەك قىلدى، ئارقامغا بۇرۇلسام ھاجى ئەخمەت ئاكا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

— ۋۇي سەزمەپتىمەن، سەت بوپتۇ. — دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— ھېچقىسى يوق ئىنىم، سىلىنى سېغىنىپ قېلىپ كىردىم، نېمە يازدىلا؟ — دەپ سورىدى. مەن خىجىل بولۇپ، گەدىنىمنى تاتىلاپ كۈلدۈم:

— ھەي، ئوغۇل بالىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ تارتىنماي دەۋەرمەملا، بۇنداق قىلىق يىگىتكە ياراشمايدۇ.

— بىر پوۋېست يېزىپ باقاي دەپ ئۇرۇنغانىدىم، قاملاشتىمۇ، قاملاشمىدىمۇ، بۇنى ھېچكىمگە دېمەي دەپتىمەن.

— ئوغرى قىلغان ئىشنى سىر تۇتىدۇ، ئوغرىلىق قىلمىغاندىكىن، يىگىت دېگەن قىلغان ئىشنى قورقماي خەلقى - ئالەمگە كۆرسىتىش كېرەك. خەق يازغىنىنى بىلدۈرەلمەي ئاۋارە، سىلە تەتۈر كەنلا. بولدى، يوشۇرغانلىرى ئۈچۈن بۇ پوۋېستنىڭ تۇنجى ئوقۇغۇچىسى مەن بولاي. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ پىكىرلىشىمىز، راستىنلا پوۋېست يازدىلىمۇ تېخى.

— ياق، ھاجىكا، بۇنداق قىلمايلى. مەن يېزىپ تېخى يەنە بىر كۆرۈپ تۈزەتمىدىم...

— مەن كۆرۈپ بولاي، تۈزىيدىغان يېرىنى شۇ چاغدا بىراقلا تۈزىمەملا. ئەكەلسىلە، باشقا ئويۇم يوق، سىلىنىڭ جۈرئەت قىلغانلىرىغا قايىل بولدۇم. ئوغۇل بالىدا بىر

ئىشقا ئىرادە بولمىسا بولمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئادەم يازغىنىمنى قولىغا ئېلىۋالدى. بىز چۈشلۈك تاماقنى بىرگە يېدۇق، شۇ جەرياندا ئۇ ماڭا كلاسسىكلىرىمىز ۋە چەت ئەلدىكى مەشھۇر يازغۇچىلار، ئەسەرلەر ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك ساۋاقلارنى دەپ بەردى. شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ توققۇز يېشىدا نەچچە يۈز كۇبلېت خەلق قوشاقلىرىنى يادلاپ، ئون بىر يېشىدا شېئىر يازغىنىنى مەن تۇنجى قېتىم شۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغانىدىم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ، ياتىقىمغا كىرىپ، مېنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. مەن تېخى ئەمدىلا ئورنۇمدىن تۇرغان بولغاچقا، ناھايىتى بىئەپ ھالەتتە تۇرۇپ قالدىم.

— يارايلا، يىگىت! يىگىت دېگەن مانا شۇنداق بولۇشى كېرەك! — ئۇ ھاياجانىدىن توختىماي كۈلۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھەدەپ ئۇياق-بۇياققا ماڭدى، قوللىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— مەن بەك ھاياجانلىنىپ كەتتىم، ئىنىم! تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئوقۇپ ئاخىرىنى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ ئوقۇدۇم. كېچىچە ھاياجانلىنىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. قاچان تاڭ ئاتار، تاڭ ئاتسىلا بېرىپ يىگىتنى بىر ئەركىلىتىپ قويسام، دەپ تەقەززا بولۇپ كەتتىم. پوۋېست يېزىپلا، يازغاندىمۇ ... ھەي، نېمە دېسەم بولار، ئادەمنى ئالدىدا ماختاشنى بەكمۇ يامان كۆرىمەن. قىسقىسى، يازغانلىرى ھەقىقەتەن پوۋېست بولۇپتۇ، ئازراق ئۆزگەرتىدىغان يەرلىرى بار، بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس. يازسىلا ئىنىم، يازسىلا، بىزنى تۇرسۇن نىيازمۇ كۆرسۇن، بىز بۇنى ئېلان قىلايلى. كېيىن ئېيتىمەنكى، بۇ پوۋېست بىزدە يېزىلغان ياخشى پوۋېستلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ...

ئۇ پوۋېست ھەققىدە ئۇزاققىچە توختىماي سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ھاياجانلىناتتى، ئورنىدىن تۇراتتى، يەنە ئولتۇراتتى، نەپەسلىرى جىددىيلىشىپ، يۆتىلىپ كېتەتتى. مەن ھازىرغىچە باشقىلارنىڭ ياخشى ئەمگىكىدە بۇنداق خۇشال بولغان ئادەمنى ناھايىتى ئاز ئۇچراتتىم

— ئەسەرنى تەھرىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۆرسۇن، مېنىڭچە ئۇلارمۇ چوقۇم ئېلان قىلايلى دەيدۇ، بىز قاچانغىچە كونا تۈگمەننىڭ پوستەكچىسى بولۇپ يۈرۈۋېرىمىز؟ مۇشۇنداق ئەسەرلەر قانچىلىك بولسا ھەممىنى بېرىمىز!...

ئۇلار راستىنلا دېگىنىنى قىلدى. ئاچچىق يۇتسىمۇ قىلدى، ئازار يېسىمۇ قىلدى، دەشنام، تاپا - تەنە ئىشىتسىمۇ قىلدى.

ئەسەر ئېلان قىلىنىش بىلەن جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ ئورۇمچىدە ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. «تارىم» ژۇرنىلى بىلەن «چولپان» ئەدەبىي مەجمۇئەسى كۆچۈرۈپ بېسىشنى تالىشىپ قېلىشتى. «تارىم» ژۇرنىلى ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن غۇلجىدا ئېچىلغان ئىسلاھات تېمىسىدىكى پروزا ئىجادىيەت يىغىنىغا قەشقەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مېنى تەكلىپ بىلەن قاتناشتۇردى. مەرھۇم زۇنۇن قادىرى ئاكا، تېيىپجان ئاكىلارنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن ئەخەت تۇردى، سىدىق ھاجى روزى، مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكىلار كۈچلۈك پىكىر بېسىمىغا قارشى تۇرۇپ، «زېمىن قارا ئادەملىرىڭگە» پوۋېستىمنى ئېلان قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. «ئاھ، رەھىمسىز دەريا» ناملىق پوۋېست توپلىمىم ئابلىمىت ھاجى، سېيىت زۇنۇن قاتارلىق پېشقەدەم ئەدىبلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. مەملىكەت بويىچە مۇكاپاتلىنىش شەرىپىگە ئېرىشتى، شۆھرەت قازاندى. بۇ پوۋېستنى شۇ چاغدا «قەشقەر ئەدەبىياتى»

(ئاخىرى 38 - بەتتە)

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# ئەزىز دىيار، شانلىق ئىپتىخار

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ يۈز سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

## 1

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى يىگىرمە يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، يۈز سان نەشر قىلىندى. قەشقەر دىيارىدا يېڭى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئالتۇن دەۋرىگە ئۇل قويدى، بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ناماياندە.

مەن قولۇمغا قەلەم ئېلىۋېتىپ، پۈتۈن قەلبىمدە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھاياجان - تۇيغۇغا غەرق بولۇپ، بىر دەقىقە تىمتاس توختاپ قالدىم. قەغەزگە سىيا نەقىشلىرى چۈشۈشتىن ئىلگىرى، كۆزۈمگە ئىللىق ياش تامچىلىرى تىزىلدى، خىيال قۇشۇم يىراق - يىراق تەسەۋۋۇر ئۇپۇقلىرىغا قانات يايغاندەك بولدى. ھېسسىيات چەشمە بۇلىقىدا «ئەزىز دىيار، ئانا يۇرتۇم» دېگەن سۆيۈملۈك ۋە پاك ئىبارە بۇلدۇقلاپ ئۆرلىگەندەك تۇيۇلدى.

دەرۋەقە، قەشقەر — مېنىڭ يۇرتۇم. مەن بىلىدىغان نەسەبنامىلىرىمدىن مەلۇم بولۇشىچە، قەشقەر — مېنىڭ بوۋىلىرىمنىڭ تەۋەررۈك يۇرتى!

قەشقەر تۇپرىقى — گەۋھەر، سۈيى — كەۋسەر، تاشلىرى — مەرمەر، ھاۋاسى — ئەنبەر، باغلىرى — شېكەر، ئادەملىرى — قەيسەر يۇرت. مەن ھازىر غۇنچە چېچەكلىتىۋاتقان گۈزەل تاغ-دەريالار ۋە باغۇ بوستانلارنىڭ ھەممىسىگە تەسەننا نەزمىلىرى بېغىشلىغان بولسامۇ، ئانا ماكان قەشقەر توغرىسىدا ھېچنەرسە يازالمىدىم. ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتى، ئۇنىڭ مېھرى - مۇھەببىتى مېنىڭ شېئىرىي ئىلھاملىرىمنى كۆمۈپ تاشلىغاندەك ئېغىر، ۋەزنىدار بولدى. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ قەلبىمدە ئانا ماكان قەشقەرگە ئاتالغان، ئەمما يېزىلمىغان بىر داستان ھەمىشە كۆيلىنىپ كەلمەكتە، ئۇ بولسىمۇ مېنىڭ ئەزىز دىيارغا بولغان مۇقەددەس ئىپتىخار تۇيغۇلىرىمدىن ئىبارەت! بۇنداق ئىپتىخار تۇيغۇسى مېنىڭ نەزىرىمدە، قانداقتۇر دەبدەبىلىك قەسىدىلەر ياكى گۈزەل، شېرىن ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى تولىمۇ ئاددىي، سۇلار كېلىپ ئېقىتىپ تۇرىدىغان، كىشىلەر لاي قىلىپ كېسەك قۇيىدىغان ئادەتتىكىدەك قەشقەر تۇپرىقىدىن بىنا بولغانلىقىم شاراپىتىگە بولغان ئىپتىخاردىن ئىبارەت. ھەئە، شۇنداق. مەن ئۆز يۇرتۇمنىڭ بىر سىقىم تۇپرىقى؛ مېنىڭ بارلىق قۇرۇلمىلىرىم، ئاشۇ بىر سىقىم تۇپراقنى ئۆزىگە ھەم ئۇل ھەم ۋىجدان - ئىپتىخار مىزانى قىلغان. مېنىڭ ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ خۇددى مەندەك باشقا پەرزەنتلىرىگە كىبىر ۋە ھاقارەت قىلىدىغان ھېچقانداق ھەددىم ۋە ئالاھىدىلىكىم يوق!

«قەشقەر ئەدەبىياتى» — مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ ئازاد تېگىدا جۇلا قىلغان زەر شەپەق!

«قەشقەر ئەدەبىياتى» — ئەزىز دىيار كۆكىدە پەرۋاز قىلغان گۆھەر سۇمرۇق!

«قەشقەر ئەدەبىياتى» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى قۇتلۇق ماكانىدا، يېڭى، زاما-

AltunOq

نىۋى، سوتسىيالىستىك مىللىي مەدەنىيەت گۈلشىنىدە پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان خۇشپۇراق گۈل!

مەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىلا يارباغ سىرتىدىكى كاردۋانچىنىڭ تۆگە سارىيىدا ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بولغانىدىم. ئۇ چاغلاردا ئاندا ‑ ساندا كېيىمەك تېرىسىدە مۇقاۋىلانغان «باياز»، «قۇلھاجى ئەخمەت»، «دىۋان مەشرەپ» قاتارلىق نەزمىنامىلاردىن تاشقىرى، ئاساسەن ئانام ۋە ئانامدىنمۇ پېشقەدەم ئاياللارنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىلىرىدىن بەھرىمەن بولاتتىم. «قەشقەر گېزىتى» كىچىككىنە گېزىت بولۇپ، خوتەن قەغىزىگە بېسىلاتتى. «جەنۇبىي تىيانشان» گېزىتىنىڭمۇ ئەدەبىيات ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرالماسلىقى ئالقاندەك ئايان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، مۇشۇ گېزىتنى چۆرىدەپ مەيدانغا چىققان ئەھمەت زىيائىي، نۇر مۇھەممەت ئېركى، ئۆمەر ئىمىن، ئابدۇكېرىم سائادەت قاتارلىق پېشقەدەم شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىزگە توغرىدىن توغرى پوئېزىيە دەرسلىكى بولۇپ، خىزمەت قىلاتتى. قەلبىمىز بۇ شېئىرلار ئارقىلىق ئۇلۇغ كىشىلىكنىڭ مۇقەددەس تۇيغۇلىرىدىن ئىلھاملىنىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋال خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ نەشىر قىلىنىشى بۇ ئەھۋالدا كەسكىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. مانا شۇنىڭدىن بېرى يىگىرمە يىل ۋاقىت ئۆتتى.

2

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆزى نەشىر قىلغان ژۇرنال سەھىپىلىرى ئارقىلىق ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ چوڭ ئىش قىلدى:

ئۇ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ‑ سەنئەت سىياسىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى، بىر قاتار ماركسىزملىق ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىيات ‑ سەنئەت ئوبزورچىلىقى پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي ماقالە ۋە ئوبزور ماقالىلىرى ئېلان قىلدى. ئۇ، گەرچە جۇغى كىچىك بىر كوللېكتىپ بولسىمۇ، تۇمانىدا ئالاقزادە بولمىدى، بورانىدا قۇيۇن بولۇپ پىقىرىمىدى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى بىلەن سېرىق ئاپەت قىزىقتۇرۇشلىرىغا ئىمالدانماي، خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ‑ سەنئەت ئىشلىرىغا ھەققەتەن سادىقلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئۇ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ۋە ئىجابىي ئۇنۇمدارلىققا ئىگە نەسىر، شېئىرىي ئەسەرلەرنى، خەلق ھېكايە ‑ چۆچەكلىرىنى، چەت ئەلنىڭ ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى ئېلان قىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېيىتتى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ھەسسە قوشتى.

ئۇ، قەشقەر دىيارىدا يېڭى، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قوشۇنىنىڭ تەشكىللىنىش جەريانىنى كۆچەيتىپ، ئەدەبىيات ‑ سەنئەت ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم مەكتىپى، مۇنبىرى ۋە پاۋلىئونى بولۇپ قالدى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىرلىرى تەپەككۇر قىلىدىغان، كەلگۈسىگە تەلپۈنىدىغان، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقى ۋە زامانىۋى ئاڭ پورىمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە باش قاتۇرىدىغان ئاجايىپ زور بىر مېڭە ۋە يۈرەكتەك ئۆز ئىشىنى مەسئۇلىيەت ۋە ھالاللىق بىلەن ئادا قىلىپ كەلدى. ئۇلار ئەقىلنى ئازدۇرۇپ، كۆڭۈلنى كىرلەشتۈرىدىغان، ئاق ‑ قارىنى ئاستىن ‑ ئۈستۈن قىلىپ، ھەققانىيەتنى چەيلەيدىغان، خەلقىمىز

تارىخىدا ناگاندا پەيدا بولۇپ، روھىيەت پاجىئەلىرى چىللايدىغان ئىسقىرتلارغا قۇلاق سالمىدى، قىچقىرىشلارغا قەدەم باسمىدى. ۋاقىت خۇددى ئۇلۇغ بىر تارىخچىدەك ئۇلارنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ يەنە داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى. مېنىڭچە، قەلەم تۇلپارىغا مىنگەن كىشى، ئۆز خەلقىنى قۇياش ھەرىكىتىگە قارشى يۆنىلىشكە، جىن-شاياتۇنلار قەستىدىسى بولغان كويىقاپقا يېتەكلىمەسلىكى، ئەكس ھالدا، ئۇلارنى تارىخنىڭ ئىلگىرىلىگەن نۇرانە قەدىمىنى بويلاپ ئىجادىيەت ساھىلىگە باشلىشى لازىم. مانا بۇ خەلققە مۇھەببەت، تارىخقا مەسئۇلىيەت! ئەكس ھالدا، ئەگەر خۇددى ئابدۇقادىر داموللام ئۆز مۇخەممەسلىرىنىڭ بىرىدە تەكىتلىگەندەك، قەلەم ئەھلى ئەسەبىي خىياللار، پىرىسىغۇن تەپەككۇرى، رەشىك - ھەسەت پىتنىسى، قەستۇ كۈنەم بەيگىسىگە مۇپتىلا بولىدىكەن، مىللەت ۋە خەلق نادانلىق، زەبۇنلۇق، كۇرۇھبازلىق، يۇرتبازلىق، قاششاقلىق كېسەللىرى بىلەن تەگلا ئاغرىپ، تارىختىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىش يولىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. قەلەم، ئۇ ماھىيەتتە بىر بايراق، بىر تۇغ - ئەلەمدىن ئىبارەت. ئۇنى پەرىشتىمۇ، شەيتانىمۇ تۇتۇشى مۇمكىن. گەپ قەلەم تۇتقۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي ماھىيەتلىرىدە، ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ياكى راستىن ياكى يالغاندىن ئۆزلىرىنى يورۇقلۇق ئەلچىسى دېيىشىدۇ.

## 3

«قەشقەر ئەدەبىياتى» يىگىرمە يىللىق مۇساپىنى تاماملاپ، خەلقىمىزنىڭ پائالىيەت تارىخى بىلەن بىر قەدەمدە كەلگۈسى يىللار، ئەسىرلەر قوينىغا قاراپ ماڭماقتا. مېنىڭچە، ئېرىشىلگەن ئۇتۇقلارنى تەنتەنە قىلىشتىن كۆرە (ئەلۋەتتە بۇمۇ مۇھىم)، كەلگۈسى مۇساپىگە تەقلىنىش تېخىمۇ مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېرىشىلگەن ئۇتۇقلىرىمىزنى تەبرىكلەشتىن ھەقىقىي مۇددىئامۇ، قەشقەر زېمىنىدا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى قەلەمكەشلىكتە ئائىت بەزى قانۇنىيەتلەرنى بىلىۋېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ بۇندىن كېيىنكى قەلەمكەشلىك پائالىيىتى ئۈچۈن بىر قانچە ئەرزىمەس ئۈمىدلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن:

ئۇ، داۋاملىق پىكىر قىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ قالسۇن. ئۇ يالغۇز ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەنلا شۇغۇللانماستىن، يەنە مەنتىقىي تەپەككۇر قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى، بۇنداق مەنتىقىي تەپەككۇر جەريانىنى ئېغىزدىكى گەپ، ئويلىماي قىلىغان پاراڭ، قىياس تەسەۋۋۇر ئۈستىگە ئەمەس، سىنالغان پاكىت ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تارىخىي جەريانلىرى ئاساسىغا قويۇپ، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭچە، بۇنداق ئەقىل چىرىغى بولماي تۇرۇپ، ھېچ ئىشنى، جۈملىدىن ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن شۇغۇللىنىشنى ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ.

ئۇ، داۋاملىق توغرا سىياسىي-ئىدىيىۋى، تارىخىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرىدىغان ژۇرنال بولۇپ قالسۇن. ئۇ، ئۆز خىزمىتىنى ھەممە ئىش يۈرۈشكەن شارائىتتا توغرا ئادا قىلالايدىغان بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئوڭۇشسىز شارائىتتىمۇ ئۆز خىزمىتىنى توغرا ئادا قىلالايدىغان بولسۇن.

ئۇ — «قەشقەر ئەدەبىياتى» دېگەن شەرەپلىك نامغا لايىق خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قاتلاملىرى، سەۋىيىسى ۋە ئوبرازىنى يېتىشتۈرۈشكە ھەسسە قوشسۇن. ھازىرقى رىقابەتلىك ۋە ئوچۇق دۇنيا بىلەن كەلگۈسىدىكى تېخىمۇ تاكامۇللاشقان دۇنيادا مۇھىمى، ئۆز زامانىسىغا لايىق ئاڭ - بىلىم، روھىيەت ۋە پائالىيەت ساپاسى بىلەن ياشىيالىشى مۇمكىن. مۇنداق تولىمۇ رېئال، ئۆتكۈر رېئال دۇنياغا ھەرقانداق قۇرۇق قىلارچە، لايغەزەللىك بىلەن روبىرو چىقىپ، ئۇنۇم ھاسىل قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. يېپەك يولىنىڭ ھاۋا يولى، تۆمۈر يول، تاشيولنى بېسىپ مەيدانغا چىقىۋاتقان قايتا گۈللىنىشنى تونۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ، قەلەمكەشلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشنىڭ باشلامچىسى بولسۇن، نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق مىللىتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك كۈشەندىسى؛ ئارقىدا قېلىش، نامراتلىق ۋە ئاجىزلىقنىڭ خېمىرتۇرۇچى! ئىتتىپاقلىق، ئۇ نادانلىقنى، پىتنە - ئىغۋانى چىللاشتىكى ھەممىنە پەسلىك بولۇپ قالماسلىقى، ئەكسىچە، ئەقىلنى، ئىلىم - پەننى، تەرەققىياتنى مىزان قىلغان، سوتسىيالىستىك، زامانىۋىلىشىشنى مىزان قىلغان ئىتتىپاقلىق بولسۇن.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» — قۇتلۇق ماكانىمىزنىڭ قۇتلۇق كۆيچىسى! ئەزىز دىيارىمىزنىڭ شانلىق ئىپتىخارى! مەن ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چېچەكلەر تىلەيمەن. ئۇ ئۆسسۇن، گۈللەنسۇن!

1991 - يىل، 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

(بېشى 61 - بەتتە)

قەلبىمدىكى ئۇچقۇننى گۈلخانغا ئايلاندۇرۇپ، تۇرمۇش چىنلىقى بار، مىللىي پۇراققا ئىگە، ئەمما ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ كەلدى.

مەن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بارلىق قەلەمكەشلەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يىگىرمە ياشقا تولغانلىقىنى تەبرىكلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىدە خۇددى تۈننى يېرىپ پارلىغان چولپاندەك ۋە ياكى پۈتكۈل زېمىننى ئىللىتىۋاتقان نۇرلۇق قۇياشتەك رومانلارنى، پوۋېستلارنى، داستانلارنى، شېئىر - قوشاقلارنى، كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى، ئۇنىڭدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلارنى خىيال ئېكرانىمدا كۆرگەندەك بولىمەن. شۇ تاپتا ھاياجانلىق ھېسلىرىم زەرەپشان دەرياسىدەك ئۆركەشلىمەكتە، ۋۇجۇدۇمغا يىگىرمە ياشلىق ۋاقتىمدىكى جاسارەت تەپچىرىمەكتە، ئىلھام قىزى تاتلىق كۈلۈپ مېنى زەرەپشان ۋادىسىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەرگە ئۈندىمەكتە.

ئېھ، «قەشقەر ئەدەبىياتى»! سەن مېنىڭ قەدىردان ئۇستازىمسەن، مەن سېنىڭ يېتەكلىشىڭ بىلەن ئىجاد ئاسمىنىدا خۇددى شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىۋاتىمەن، قەشقەر گۈلزارىدا كۆمۈشتەك تەرلىرىمدىن، ھەر تامچە قانلىرىمدىن، رەڭگارەڭ خۇشپۇراق گۈل - چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجادىمدىن ئەلگە شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم قىلىمەن. بۇ مېنىڭ ئۈمىدىم پەقەت سەن ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ، سەن مېنىڭ ئالتۇن مۇنبىرىم، سېنىڭ ئىستىقبالىڭ چەكسىز پارلاق، مېنىڭ غايەم ئۇلۇغ، مۇقەددەس!

ئابدۇسەمەت خېلىل

# ئالتۇن مۇنبەر

قەشقەر — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ماكانى، ئىلىم-پەننىڭ ئوچىقى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ بۆشۈكى. بۇ گۈزەل دىياردىكى خەلق ئەزەلدىن ئەدەبىيات-سەنئەتنى قىزغىن سۆيىدۇ. «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇلار ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئەدەبىي ژۇرنال. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغىنىغا يىگىرمە يىل توشۇپتۇ.

مەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يىگىرمە يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا يىگىرمە ياشلىق يىگىت-قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك، مېنى ئۆز يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا. مانا ھازىر يىگىرمە ياش چېغىمدا باسقان جەڭگىۋار مۇساپەم ئېسىمگە چۈشمەكتە…

«قەشقەر ئەدەبىياتى» خۇددى بىر ئادەمنىڭ قىرانلىق دەۋرىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك يىگىرمە باھارىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىگە خاس يېڭى سەھىپە ئاچتى، مەن بۇ ژۇرنالنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يىگىرمە يىللىق شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلەپ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىغىنىمدا، قەلبىم سۆيۈنۈش ۋە ئىشەنچكە تولىدۇ.

قەھرىمانغا ماھارەت كۆرسىتىش ئۈچۈن جەڭ مەيدانى، بەيگىدە ئۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن تۇلپار كېرەك بولغىنىغا ئوخشاش قەشقەردىكى قەلەمكەشلەر ئۈچۈنمۇ «قەشقەر ئەدەبىياتى» دېگەن ئىبارەت مۇنبەت تۇپراق، ئالتۇن مۇنبەر، يېتەكچى ئۇستاز كېرەك. بۇ ژۇرنال باتۇر، ئىشچان قەشقەر خەلقىنىڭ ئوبرازى، غۇرۇرى، قەشقەر خەلقىنىڭ يۈرەك سادىسىنى پۈتۈن ۋەتىنىمىزگە، ھەتتا دۇنيا ئەللىرىگە جاكارلايدىغان پىداكار جارچى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۆزىنىڭ يىگىرمە يىللىق ھاياتىدا، بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت يۆنىلىشىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئۆز ئەتراپىغا زور بىر تۈركۈم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياشلىق، ياش ئاپتورلارنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنى ئورتاق نىشان ئۈچۈن زىچ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغىتىپ، ئۇلار ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى كۆپلىگەن مول مەزمۇنلۇق ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىدە چاقنىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ خەلقنى تەربىيىلەش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا بۇ ژۇرنالنىڭ تەسىر دائىرىسى كەڭ. خەلق ئارىسىدا كۈندىن-كۈنگە كېڭەيمەكتە، ئابرويى بارغانسېرى ئۆسمەكتە.

مەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنى رەڭدار، كۆركەم، سۈپەتلىك چىقىرىش يولىدا

ئۆزىنىڭ يۈرەك قانلىرىنى، كۆز نۇرلىرىنى، پۈتۈن زېھنىي كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىۋاتـ
قان ئاق كۆڭۈل مۇھەررىرلەرگە ژۇرنالنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەم ئاپتورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن
چوڭقۇر ھۆرمەت ئىلكىدە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئىزھار قىلىمەن. چۈنكى
ئۇلار خالىس نىيەت بىلەن تۆھپىكارلاردۇر. ئۇلارنىڭ خالىسلىقى
شۇ يەردىكى، نۇرغۇن ئاپتورلارنىڭ چۇۋالچاق قول يازمىلىرى ئىچىـ
دىن خەلققە يارايدىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى تاللاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا جاپالىق ئەجىر
سىڭدۈرۈپ، كىتابخانلارغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەمگىكى تىلغا ئېلىنمىغاندا،
مۇھەررىر نامسىز قەھرىمان دېگەن باھانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

مەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ھەر بىر يېڭى سانىنى بالدۇرراق كۆرۈشكە ئىنتىزارـ
مەن، بالدۇراق نەشىردىن چىقىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمەن. ھەر بىر يېڭى سانىنى كۆرـ
گەن چېغىمدا خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولىمەن، ئۇنىڭ ئالتۇن سەھىپىلىرىدىن
كۆزۈمنى ئۈزمەي زوق - شوق بىلەن ئوقۇپ چىقىمەن. چۈنكى بۇ ژۇرنال ئاپتونوم رايونى
بويىچە باشقا ئەدەبىي ژۇرناللارغا قارىغاندا مېنىڭ ئەسەرلىرىمگە ئۆز سەھىپىسىدىن
كۆپرەك ئورۇن بەرگەن بىردىنبىر ئەدەبىي ژۇرنالدۇر، مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئاـ
نا مەكتەپتۇر. مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپەم بۇ ژۇرنالنىڭ تارىخى بىلەن چەمبەرچەس
باغلانغان. شۇڭا مەن بۇ ژۇرنالنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق قەدىناس دوستى بولۇشقا ھەقلىقـ
مەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (دەسلەپتە «قەشقەر ئەدەبىيات -
سەنئىتى» دەپ ئاتالغان) نىڭ 1977 - يىلى 1- سانىدا مېنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارـ
مار قىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ خۇشاللىقتا چۆمگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان «غەلىبە شادلىقى»
ناملىق شېئىرىم ئېلان قىلىنغانىدى. ژۇرنالدىن بۇ شېئىرنى كۆرۈپ چەكسىز ھاياجانـ
لاندىم. روھىي كىشەن پاچاقلىنىپ، يۈرەك شادلىقىم ئەزىم دەريادەك ئۆركەشلىدى… بۇ
شېئىر ژۇرنالدىن تاللىنىپ 1977 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىـ
لىنغان «يۈرەك ئالقىشى» ناملىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. مېنىڭ شۇـ
نىڭدىن بۇيان «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ سەھىپىلىرىدە ۋەتىنىنى، خەلقىنى، پارتىـ
يىنى، يېڭى دەۋرنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، سۆيگۈ ساداقىتىنى،
ئەدەب - ئەخلاقنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى، ئىسلاھاتنى كۈيلەپ يازغان
نۇرغۇن شېئىرلىرىم ۋە پارخورلۇقنى، ئاچكۆزلۈكنى، رەزىللىكنى، بۇلغۇنچىلىقنى قامچىـ
لايدىغان ساتىرالىرىم ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، جامائەت ئارىسىدا بەلگىلىك
تەسىر قوزغىدى. «قەشقەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان بۇ شېئىرلىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمى «زەرەپشان»، «زەرەپشان چېچەكلىرى»، «ھايات سۆيگۈسى»، «سىرلىق مۇھەببەت»
قاتارلىق شېئىرلار توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى، «باھار جىلۋىسى»، «توي چاچقۇسى»، «قۇتـ
لۇق ئىز»، «قەشقەر ناۋاسى»، «يېڭى رۇبائىيلار»، «ياپراقتىكى نەقىشلەر» قاتارلىق كولـ
لېكتىپ شېئىر توپلاملىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى «قەشقەر ئەدەـ
بىياتى» نىڭ ماڭا بەخش ئەتكەن ئىلھامى، ئۇنىڭ مېنى يېتەكلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى مېنىڭ بەدىئىي يېتەكچىم، مەن بۇ ژۇرنالنىڭ ئىلھام
بېرىشى ئارقىسىدا تالاي كېچىلەرنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتـ
قۇزدۇم. دېمەك، بۇ ژۇرنال مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان ئىشتىياقىمنى ئۇلغايتىپ،

(ئاخىرى 59 - بەتتە)

**ئارسلان تالىپ**

# تۇنجى قەدەم تۇنجى ئەسەر

مۇشۇ ئون يىلدىن بۇيانقى ئادىتىم بىر خىللا، جۈپ ئايلارنىڭ ئاخىرلىرىدا قولۇمغا تەگكەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» نى كۆرگىنىمدە، يۈرىكىم ئالىقانداق بىر ھاياجان تەسىرىدە ئورنىدىن يېنىك بىر قوزغىلىدۇ ـ دە، ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشىدۇ. مەن بۇ ھاياجاننىڭ ئاخىرقى سەزگۈلىرى تېخى يوقالماي سۇس تىترەك ئولۇشۇۋاتقان قوللىرىم بىلەن ژۇرنالنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئاۋايلاپ ئاچىمەندە، مۇندەرىجىگە رەتلىك تىزىلغان ئەسەرلەر تىزىملىكى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمەن. ئويلىغىنىمدەك يەنە بىر نەچچە يېڭى ئاپتور ماڭا يۈز ئاچىدۇ. شۇ ھامان ژۇرنال ئىچىدىن ئەنە شۇنداق يېڭىدىن ـ يېڭى ئاپتورلارنى يېتىشتۈرۈش يولىدا ھارماي ـ تالماي ئەجىر سىڭدۈرىۋاتقان مۇھەررىرلەرنىڭ دەستە ـ دەستە ئەسەرلەر بىلەن تولغان ئۈستەل ئالدىدا يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينەكلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالدۇرۇشىغا پەرۋا قىلماي، تونۇش ۋە تونۇشسىز پۇچۇركىلارنىڭ ھەر بىر قۇرلىرى ئارىسىغا سىڭىشىپ كېتىۋاتقان نۇرلۇق سىماسى گەۋدىلىنىدۇ. بۇ سىمالارغا نىسبەتەن زورىيىپ، ماڭا نەسىھەت ئارىلاش ئەيىبلەۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. «ھە يىگىت، يېزىقچىلىق مۇشەققەت ئىشكەن دەپ توختاپ قالمىغانسىز، يېزىپ تۇرغان بولسىڭىز بىزگىمۇ بىرەر پارچە ئەۋەتىڭ، كۆرۈپ تۇرايلى.» شۇ ھامان يۈزۈم چىمىلداپ، قىزىرىشقا باشلايدۇ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەيمەن: «ئاش بەرگەن قازاننى چاقىدىغان بولمىغاندەك سىلەرنى ئۇنتۇش مۇمكىن ئەمەس، توغرىراقى مەن سىلەرگە يارىغىدەك ئەسەر يازالمايۋاتىمەن...» ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ ئولتۇرغىنىمدا ئىجادىيەت يولۇمنىڭ باشلىنىشى بولغان ئەشۇ چاغلار، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئىلھاملىرى، خالىس نىيەت بىلەن تەربىيىلەشلىرى كىنو ئېكرانىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

شۇنداق، ئىجادىيەت يولىدا تەم ـ تەم مېڭىپ يۈرگەن چېغىمدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» مېڭىشنى ئۆگەتكەن، تۇنجى ئەسىرىمنى ئېلان قىلىپ، مېنى چەكسىز ئىلھام قۇچىقىغا بۆلىگەن، تۇنجى ئەسەر شادلىقىدا نەچچە كۈن، ھەتتا نەچچە ئايغىچە ھاياجان ئىلكىدە تىترەتكەن. تېخىمۇ ياخشىراق ئۆگىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنلىرى، مۇشائىرە يىغىلىشلىرى، خاتىرە كۈنلىرىدىكى دېكلىماتسىيە سورۇنلىرىغا چاقىرىپ تەكلىپ باغاقلىرى ئەۋەتكەنىدى. بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن؟! مانا، ئەسلەش خاتىرىلىرى سىلىنغان سومكامدا بىر نەچچە پارچە تەكلىپ قەغىزى يېتى بۇزۇلماي تۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇلار شۇ چاغلاردىكى قايسىبىر ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ، قايسىبىر ئەدەبىي يىغىلىشنىڭ تەكلىپ قەغىزى. ۋاقتى ئۆتكەن بۇ باغاقچىلارنى نېمە ئۈچۈن ساقلايمەن؟ بۇنىسى ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى، مەن ئەنە شۇ تەك-

لىپ قەغەزلىرىنىڭ ئىلھامىدا كېچىلەپ ئۇخلىماي ئەسەر يېزىشنى، مىللىي ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشنى ئۆگەنگەن. ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىكى ئىجادىيەت ئاجايىپ تەسىرلىك، ئىلھام تۇيغۇسىغا باي كېلىدىكەن. تەكلىپ قەغىزىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىكى ھاياجاننى ھېچنېمىگە تەڭ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. سۆھبەت يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغاندا داۋاملىق ئۇچرايدىغان ھالەت ئىككى خىل: بىرى چەكسىز ھاياجان، يەنە بىرى، قاتتىق سوراق. ھاياجانلىنىشتىكى سەۋەب قەلىمى پىشقان يازغۇچى - شائىرلار، پېشقەدەم مۇھەررىرلەر، ياشانغان ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىلمىدىن بېرىدىغان چۈشەنچىلىرى، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى، ئىجادىيەت يولىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاش. سوراقچۇ، «مەن زادى قانچىلىك بىر نەرسە يازغىنىم ئۈچۈن مۇشۇ ئەدىبلەر ئارىسىدا ئولتۇرىمەن. مەن زادى قانچىلىك نەرسە يېزىۋاتىمەن؟» دېمەك، بىرىنچى خىلى مېنى شادلاندۇرۇپ تۇرسا، ئىككىنچى خىلى ھازىماي ئىزدىنىشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى. شۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكىنىگە ئون يىل بولۇپ قالدى. ھازىر شۇ ئىشلارنى ئويلىسام، ئەسلىدە «قەشقەر ئەدەبىياتى» مېنى مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق يېتەكلىگەن، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت بۇ سىرلىق يولغا باشلىغانىكەن. لېكىن ئاشكارا يېتەكلىگەن ھېلىقى تۇنجى ھېكايە مەسىلىسى مېنى ھازىرغىچە ھاياجانغا سالىدۇ.

1980 - يىلى ياز پەسلى، پوچتىدىن سېلىۋەتكەن تۇنجى ھېكايەم «ئۇستازىمغا خەت»نىڭ جاۋابىنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئاز - تولا بارماق ساناپ شېئىر يېزىپ، تۇرمۇش خاتىرەمدىكى ئەينەن ۋەقەلىكلەرنى ياساپ - تۈزەپ ھېكايە يېزىپ، ئۆزۈمچە ھەۋەسكارلار قاتارىغا قوشۇلۇپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى. سىنىپ مەسئۇلىمىز ۋاھىتجان غوپۇرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بەش قېتىم ئۆزگەرتىپ چىققان تۇنجى ئەسىرىم «ئۇستازىمغا خەت» سەل ئەيۋاشقا كەلگەندەك قىلىۋىدى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىرەر ژۇرنالغا ئەۋەتىپ بېقىشنى سايە قىلىشتى. ئاخىرى بىرەيلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى»غا بېرىشنى، بۇنىڭدا تەھرىر بۆلۈم مۇشۇ شەھەردە بولغانلىقتىن ئۇنى سۈيلەش، پىكىر ئېلىشقا قولايلىق بولىدىغانلىقىنى تەۋسىيە قىلدى. ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. تەھرىر بۆلۈمگە بىمالال كىرىپ - چىقالايدىغان بىر ساۋاقدىشىمنىڭ بەرگەن ئۇچۇرىدىن قارىغاندا، ھېكايەم پات ئارىدا بېسىلىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ نەچچە كۈنگىچە ئەسىرى ئېلان قىلىنغان گۆدەك ئاپتوردەك ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ئىختىيارىي ئۆگىنىش پەيتىدە ئەدەبىيات فاكولتېتى بىناسىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئامىلىق باغدا ئۆگىنىش قىلىپ ئولتۇرسام، مەن تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن خەۋەر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. تەھرىر بۆلۈمدىن فاكولتېت ئىشخانىسىغا تېلېفون كەپتۇ. سىنىپ مەسئۇلىمىز ۋاھىتجان غوپۇر مېنىڭ تېزدىن تەھرىر بۆلۈمگە بېرىشىمنى، ئامال بار قۇرۇق بارماي بىرەر پارچە ئەسەر كۆتۈرۈپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ھەرخىل خىياللار ئىلكىدە يېڭىلا پۈتتۈرگەن «تويدىن كېيىن» ناملىق ئىككىنچى ھېكايەمنى ئېلىپ تەھرىر بۆلۈمگە ماڭدىم. كاللامدا نەچچە مىڭ خىل خىيال: «نېمىشقا چاقىرتقاندۇ؟ ھېكايەمدىن سەۋەنلىك چىققان بولسا ماڭا قايتۇرماقچىمىدۇ؟! مۇئەللىم نېمىشقا ئەسەر ئالغاچ بار دەيدىغاندۇ؟!... »

مۇئەللىم ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە ئانچە قىيىنالمايلا تەھرىر بۆلۈمىنى تاپتىم. تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىلغان تۇنجى قەدىمىم مۇشۇ بولغاچقىمىكىن، بۆلۈم ئىشىكىگە كەلگەندە پۈتۈم تىترەۋاتقانلىقىنى، ئاغزىم قۇرۇۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىم ئادەتتىن تاشقىرى ئىتتىك سېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم - دە، ئۆزۈمنى ئوبدانراق تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئازراق تۇرۇۋېلىپ ئىشىكنى چەكتىم.

ئېچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئۆيدىن تەشكىل تاپقان بۇ بۆلۈمدە جەمئىي تۆت كىشى — پېشقەدەم شائىر قۇربان ئىمىن، ھاجى ئەخمەت، ئۈچقۇنجان ئۆمەر، دىلبەر قېيۇملار بىر ئۈستەل ئەتراپىدا قانداقتۇر بىر ئەسەر ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىۋاتقانىكەن. ئازراق سالام - سائەت ۋە تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن ھاجى ئەخمەتكام قولۇمغا «قەشقەر ئەدەبىياتى» دىن بىرنى تۇتقۇزۇپ قويدى - دە، ھۆزۈرخانلىق سوردى:

— مۇشۇ ژۇرنالنى كۆرگەچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، بىردەمدىلا گېپىمىز تۈگەيدۇ، ئۇكام، ئاندىن پاراڭلىشايلى.

ژۇرنالنى ۋاراقلاپ ئولتۇرىمەن، ئۇلار سۆھبەتلەشمەكتە. ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەن سۆھبەتنىڭ مەزمۇنى مېنى قىزىقتۇردى. ئۇلار ئۈچ كۇبلېت شېئىر تاپشۇرۇپ ئالغان. شېئىر ئاپتورى ئەتەي ئادرېسىنى يازمىدىمۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ئېھتىماللىم شېئىر ئادرېسسىز ئەۋەتىلگەن. بىراق تۇنجى قېتىم ئەسەر ئەۋەتكەن بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ( يېڭى يېزىقتا يېزىلغان شېئىر بولغاچقا ئاپتورنى ئوقۇغۇچى دەپ بېكىتتى ) بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدىن ئۈمىد زور ئىكەن، ئۇلار بۇ ئادرېسسىز شېئىرنى ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقانىكەن. ئاخىرى بۇ شېئىرنى ژۇرنالغا بېرىدىغان، ئادرېسىنى تېپىشنى كېيىنگە قالدۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە مۇشۇنداق لىرىك تۇيغۇغا باي شېئىر يازالىغان ئاپتور بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق يېزىشى ھەمدە ئەسەر ئەۋەتىشى مۇمكىن ئىكەن، شۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئادرېسىنى تېپىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدىكەن...

بۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. چۈنكى، كۆپلىگەن ھەۋەسكارلار كىرىشكە ئەيمىنىدىغان، ھەتتا بەزىلەرنىڭ قارىشىدا تونۇش ئاپتور، داڭلىق يازغۇچىلارنىڭلا ئەسەرلىرىلا بېسىلىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقىلىرى پەقەت «كۆۋرۈك» تىن ئۆتەلمەيدىغان بۇ تەھرىر بۆلۈمدە بولۇۋاتقان سۆھبەت ھېلىقىدەك گەپ-سۆزلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئاساسسىز سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. قىلچىمۇ تونۇش بولمىغان، ھەتتا ئادرېسىمۇ يېزىلمىغان، يېڭى يېزىقنىڭ ئەڭ سەت ئىملاسىدا يېزىلغان ئۈچ كۇبلېت شېئىرنىڭ بىر قېتىملىق تەھرىر بۆلۈم يىغىنى ئارقىلىق بېكىتىلىشى ناھايىتى ئۇلۇغ بىر خىسلەتنى، يەنى ئىجادىيەت خادىملىرىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيىلەش، خالىس نىيەت بىلەن ئاپتورلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت يۈكسەك كەسپىي ئەخلاقنى نامايەن قىلىپ تۇراتتى.

ھاجى ئەخمەتكام بىلەن بولغان سۆھبەت يېرىم سائەت ئەتراپىدا بولدى. ئۇ ناھايىتى سىلىق ۋە چۈشىنىشلىك ئىبارىلەر بىلەن مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىمدىكى تىل، قۇرۇلما، سيۇژېت، پېرسوناژلار ھەققىدە پىكىر بايان قىلدى، شۇنداقلا ئەسىرىمدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىر ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى كونكرېت سەۋەبلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. سۆھبەت داۋامىدا مەن

ئېلىپ كەلگەن يېڭى ھېكايە — «تويدىن كېيىن» نى بىر قۇر ئوقۇپ ئېلىپ قالدى. گەرچە بۇ ھېكايەم «ئۇستازىمغا خەت» تەك ياخشى يېزىلمىغان بولسىمۇ «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1981- يىللىق 6- سانىدا ئېلان قىلىنىدى. تۇنجى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغان بۇ ژۇرنالنى كۆرگەندىكى شادلىق - ھاياجىنىم بۇ ئەسىرىمنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك بولماي، تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارنىڭ ئادىل، خالىس ھالدا ئىشلىگەن خىزمىتىگە، بولۇپمۇ ياش ھەۋەسكارلارنى يېتەكلەش، ئۇلارنى قوللاش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىگە بولغان شادلىنىش ۋە ھاياجانلىنىش ئىكەنلىكىنى ئوكىيلا ھېس قىلدىم. ئۇلار مانا مۇشۇخىل يېتەكلەش ئۇسۇلى بىلەن نۇرغۇنلىغان ياش ھەۋەسكارلارنى تەربىيلەپ چىقتى. مانا شۇندىن تارتىپ مەندە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزىقىش ھەسسىلەپ ئېشىپ تا ھازىرغىچە ئۈچ پوۋېست، يىگىرمە يەتتە پارچە ھېكايە، يەتمىش پارچىدىن ئوشۇق شېئىرىمنىڭ ئاپتورى بولۇش سۈپىتىم بىلەن يېزىقچىلىق ساھەسىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر يۇقىرىقى ئىجادىيەتلەر مېنىڭ نەتىجىلىرىم دەپ قارالسا بۇ نەتىجىلىرىمنىڭ ھەممىسى ماڭا تۇنجى قەدەم، تۇنجى ئەسەر شادلىقىنى ئاتا قىلغان «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېتەكلەشنى ياخشى قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە.

مانا، قولۇمدا «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ ئەڭ يېڭى بىر سانى، مۇندەرىجىسىگە كۆز يۈگۈرتىۋاتىمەن. بىر نەچچە تونۇش يازغۇچى، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشقىسى پۈتۈنلەي يېڭى ئاپتورلار. يىلدىن-يىلغا زورىيىۋاتقان ھەۋەسكارلار قوشۇنىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەسەرلىرىنى بايقاش، ئېلان قىلىش ھەمدە يېتەكلەش ئىشى ھازىرمۇ ئوخشاشلا داۋاملىشىۋېتىپتۇ. بۇ خىل خىسلەتنىڭ ئىلھامىدا ياش ھەۋەسكارلار يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك تېز يېتىلگىلى تۇرۇپتۇ. بەلكىم بۇ ئىز باسارلار ئىچىدىن پات ئارىدا داڭلىق ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقار.

مەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ يۈز سان چىقىرىلغانلىقى تەبرىكلىنىۋاتقان مۇشۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىرلەردىن شۇنى سوراپ باققۇم كېلىدۇ:

ھۆرمەتلىك، جاپاكەش مۇھەررىرلەر، ئېھ، نامسىز قەھرىمانلار، مۇشۇ يۈز سان ژۇرنال چىقىرىش جەريانىدا سىلەر خالىس نىيەت بىلەن تەربىيلەپ يېتىشتۈرگەن ئاپتورىڭلارنىڭ سانى نەچچىگە يەتكەندۇ؟!

توغرا، سىلەر بۇنىڭغا جاۋاب تاپالمايسىلەر. چۈنكى سىلەردە ئەزەلدىن بۇنداق كىشىلەرگە تىزىملىك تۇتۇلغان ئەمەس. نىيىتىڭلار بىرلا مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان، يەنى مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر تۈرى بولغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنى جانلاندۇرۇش، ئىز باسارلار قوشۇنىنى تولۇقلاش، ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس ئېقىنغا ئايلاندۇرۇش. بارىكاللا، سىلەرنىڭ بۇ خىسلىتىڭلارغا! ئون قەدەم نېرىدىن سالام بېرىشكە ئەرزىيدىغان ئۇستازلار سېپىدە سىلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ئەخەت تۇردى

# نېمە دېگۈلۈك

(ھېكايە)







تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارغا تووا دېگۈلۈك! تووا دېسەڭ، كۆڭۈلدىكى ھەيرانلىق، خۇرسىنىش، غەزەپلىنىش قاتارلىق مۇرەككەپ ھېسسىياتلىرىڭ ئاز - تولا تەسەللىي تاپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن روھىڭ كۆتۈرۈلۈپ، يەڭگىل قالىسەن!...

دېنمۇ تووا دېدىم، نېمىگە تووا دېدىم؟ ھېلىقى ئادەملەرنىڭ خۇددى بىر كېچىدە ھۆپۆپتىن بۇلبۇلغا ئايلانغاندەك غەلىتە قىلىقلىرىغا!...

مەن بىر تۇپراقشۇناس. بۇ ناھىيەگە كېلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغىنىمغا يېرىم ئاي بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ جەرياندا ناھىيە ھاكىمىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئاڭلىسام، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ياسىن ئىكەن، لېكىن ناھىيىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۇنى «ياشەنجاڭ» دەيدىكەن. بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشۈشمەن ئۈچۈن ھەج تاۋاپ قىلىشتىنمۇ تەس بولدى: بىرىنچى قېتىم ئىزدەپ بارسام، ئىشخانىدىكىلەر «ياشەنجاڭ جىددىي يىغىن ئېچىۋاتىدۇ» دەپ ياندۇرۇۋەتتى، ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكىلى بارسام، «ۋىلايەتكە جىددىي يىغىنغا كەتتى» دېيىشتى. ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىمدا بولسا، «يېزىدىن ئاخشام قايتىپ كەلدى، جىددىي دەم ئېلىۋاتىدۇ» دەپ، ئالدىمغا تاقاق سالدى. شۇنداق قىلىپ، يېرىم ئاي جەرياندا، ھەمىشە «جىددىي» يۈرۈيدىغان، ئەتىۋا بۇ ئادەم بىلەن زادى كۆرۈشەلمىدىم. كۆرۈشكەن بولسام، باشقا مۇددىئايىممۇ يوق ئىدى، پەقەت ناھىيىنىڭ تۇپرىقى، تېرىلغۇسى ۋە ئېكولوگىيىسى توغرىسىدا سۆزلەشمەكچى ئىدىم، ھەتتا جىددىي سۆزلىشىشكە تېگىشلىك بەزى ئەھۋاللارمۇ

AltunOg

بار ئىدى. ئەپسۇسكى، «ياشەنجاڭ» نىڭ دىدارىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىدى.

قائىدە بويىچە، ئۈچ قېتىم ئىزدەپ كۆرۈشەلمىگەندىن كېيىن، تۆتىنچى قېتىم ئىزدەشنى مېنىڭمۇ تەبىئىتىم كۆتەرمىدى. چۈنكى، مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق بىر ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئاپتونوم رايوندىن كەلدىم ...

شۇنداق قىلىپ، ھاكىم بىلەن كۆرۈشەلمەي، ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىمنىڭ نەتىجىسىنى يازما ماتېرىيال قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا قالدۇرۇپ كېتىش نىيىتىدە «تەكشۈرۈش دوكلاتى» يېزىشقا كىرىشتىم ...

قىزىق، شۇ كۈنلەردە ئاجايىپ بىر كۈتۈلمىگەن ئىش يۈز بەردى!

ئاڭلىسام، ئاپتونوم رايوندىن چوڭ بىر باشلىق كەپتۇ. ئۇ كىشى ناھىيىنىڭ ھەرساھە خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئاخىرىدا ھاكىمدىن تۇيۇقسىزلا:

— سىلەرنىڭ بۇ يەر بەكمۇ چەت، قاتناش قولايسىز، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك كەسپىي، ئىلمىي ئورۇنلاردىن خادىملار كېلىپ تۇرامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاندا - ساندا كېلىپ قالىدۇ، لېكىن كۆپ تۇرمايدۇ! — دەپتۇ ھاكىم سەل - پەل دۇدۇقلاپ.

— ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن بىرسى ھازىرمۇ مۇشۇ يەردە بار، — دەپتۇ ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى دەرھال سۆز قىستۇرۇپ، — تۇپراقشۇناس ئىكەن...

ھېلىقى باشلىق «ھە» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپتۇ ۋە چۈشتىن كېيىنكى «دوكلات قىلىش، يوليورۇق بېرىش» ئىشلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، توساتتىن ھاكىمغا:

— مېنى ھېلىقى تۇپراقشۇناسنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىڭ، كۆرۈشۈپ كېتەي، — دەپتۇ.

مانا شۇ سەۋەب بىلەن يېرىم ئايدىن بېرى ئىزدەپ يۈرۈپ، كۆرۈشەلمىگەن ھاكىم تۇيۇقسىز مېنىڭ ياتىقىمدا پەيدا بولۇپ قالدى.

چوڭ باشلىق مەن بىلەن خۇددى كونا قەدىناسلاردەك قىزغىن كۆرۈشۈپ، سەمىمىي سۆھبەتلەشتى، ھەتتا بىر ئىككى قەپەس چاقچاقمۇ قىلىۋالدى، گەپ ئارىسىدا مېنى «دوستۇم، ئاداش...» دېگەن يېقىملىق ئىسىملار بىلەن ئاتىدى. مەن بۇ ئادەم بىلەن بۇرۇن ھەمسۆھبەت، ھەمداستىخان بولۇپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى، ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم. بىز بار - يوقى ئون مىنۇتتەكلا ئەھۋاللاشتۇق. ئەتىسى، مەن بۇ ئون مىنۇتلۇق سۆھبەتنىڭ كارامەت بىر مۆجىزە يارىتىپ، ماڭا ئامەت ياغدۇرىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ بوسۇغامدا بىر ئادەم پەيدا بولدى.

— ئۆزلىرىنى بۈگۈن ياشەنجاڭ بىرپىيالە چايغا تەكلىپ قىلدى، — دېدى ئۇ كاتتا بىر يارلىقنى يەتكۈزۈۋاتقان ئادەمدەك كۆرەڭ قىياپەتتە، — دەل سائەت ئون ئىككىدە ئۆيدە كۈتمەكچى!

مەن ئۆزرە ئېيتىپ، بارالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇ ئادەم گويا ماڭا «ساراڭمۇ سەن» دېگەندەك ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى ۋە بىر پەس ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى ئەپسۇسلانغاندەك لىڭشىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن يەنە بېشىمنى چۆكۈرۈپ، ماتېرىيال يېزىشقا كىرىشتىم. لېكىن ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتە - ئۆتمەي، ئىشىك ئالدىدا ئىشخانا مۇدىرى پەيدا بولدى. ئۇ جىگەر

رەڭلىك بىر پىكاپنى ئېلىپ كەلگەنىدى. مەن ئۇنىڭغىمۇ ئۆزرە قويۇپ، ياسىن هاكىمغا رەھمىتىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتتىم.

— يوقسۇ، ئۇنداق دېسىلىرى بولمايدۇ، ياشەنجاڭنىڭ كۆڭلى ئازار يەيدۇ!— دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سۆلكەت بىلەن،— ئۇ كىشى سىلىنى دەپ ناهىيىمىزنىڭ بىر نەچچە كاتتىلىرىنى چاقىرىپ قويدى!

راستىنى ئېيتسام، بۇ قېتىم يۈز كېلەلمىدىم، كونىلارمۇ: «چاقىرغانغا بار، چاقىرمىغاندىن قاچ!» دەيدۇ. ئامالسىز بېرىشقا مەجبۇر بولدۇم. هاكىم راستىنلا مېنى دەپ بىر نەچچە يېقىنلىرىنى چاقىرىپ قويغانىكەن. ئىشىكتىن كىرىپلا مېھماندارچىلىقنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىنى كۆردۈم، هويلىدا يېڭىلا سويۇلغان قوينىڭ تېرىسى بىلەن باش-پاقالچاقلىرى تۇراتتى، بىر نەچچە ئادەم كاۋاپ قىلىش، شورپا پۇشۇرۇش، قوغۇن-تاۋۇز پىچىش قاتارلىق يۈگۈر-يېتىم ئىشلار بىلەن پايپېتەك ئىدى. ياسىن هاكىم مېنى كۆرۈپلا خۇددى ئېنى كەمەك تاۋاردەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتتى، كۆزىدىن كۈلكە، ئاغزىدىن گەپ قۇيۇلۇپ تۇراتتى:

— ئالدىلىرىغا چىقالمىدىم، ئالىم... بىلمەپتىمىز، يۇرتىمىزغا شۇۋى قەدرى كەپتىكەن!... قېنى، قېنى، ئۆيگە كىرسىلە، يۇقىرى ئۆتسىلە!...

ئۇ مېنى يۆلەشتۈرۈپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، باشقا مېھمانلارمۇ ئېگىلىپ، قول قويۇشتۇرۇپ چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى. مەن دەسلەپ ئۆزۈمنىڭ تۇيۇقسىزلا بۇنداق ئېزىز مېھمان بولۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي هەيران بولدۇم، لېكىن شورپا ئېچىلىپ، كاۋاپ تارتىلىپ، ياسىن هاكىم بىرىنچى رۇمكا هاراقنى كۆتۈرۈپ، قەدەھ سۆزى سۆزلىگەندىلا، ئاندىن بۇ كاتتا ئىلتىپاتنىڭ تېگىگە ئازراق يەتكەندەك بولدۇم. ئۇ سېمىز كىلەڭسىز گەۋدىسىنى ئىغاڭلىتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەتراپتىكىلەرگە ئەلەڭلەپ قاراپ:

— مەن بۇ بىرىنچى رۇمكا هاراقنى بىزنىڭ هۆرمەتلىك مېھمىنىمىز — تۇپراقشۇناس ئالىمنىڭ سالامەتلىكى، خۇشاللىقى ئۈچۈن ئىچىشنى تەكلىپ قىلىمەن!— دېدى.

شۇنىڭ بىلەن تەڭ، تەرەپ-تەرەپتىن مېنىڭ نامىمغا ياغدۇرۇلغان هەر خىل سۆپەت، هەر خىل تەلەپپۇزدىكى ماختاش، ئۇچۇرۇشلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ياسىن هاكىم ئۆتىنچى رۇمكا هاراقنى قولىغا ئالغاندا، خېلى ئوچۇق-ئاشكارىلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— سىلە ئۆزلىرى چوڭ ئاقساقال بىلەن ناهايىتى يېقىن بۇرادەر ئىكەنلا، بۇنى كۆرۈپ بىزمۇ سىلىنى ئۆزىمىزنىڭ يېقىن تۇغقىنىدەك هېس قىلدۇق. كۆرۈپ تۇرۇپلا، ناهىيىمىز ناهايىتى چەت، چاپالىق يەر، شۇنىڭغا قارىماي، جان تىكىپ ئىشلەپ، ناهىيىمىزنى مۇشۇنداق گۈللەندۈرۈپ، ئاۋات قىلدۇق. ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتقاندىن كېيىن، چوڭ ئاقساقال بىلەن كۆرۈشكەندە، بىزنىڭ ئانچە-مۇنچە ياخشى گېپىمىزنى قىلىپ قويۇشلىرىنى سورايمىز!...

شۇ گەپ بىلەن تەڭ خۇددى كېلىشىۋالغاندەك، تەرەپ-تەرەپتىن گۇپپاڭچىلىق قىلىنغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— شۇنداق، ياشەنجاڭ توغرا ئېيتتى، مۇنداق چاپالىق يەردە ئىشلەپ قەد كۆتۈرۈشنىڭ ئۆزى بىر چوڭ ئىنقىلاب!

— ئەگەر ياشەنجاڭ بولمىغان بولسا، ناهىيىمىز بۇنداق قەد كۆتۈرەلمەيتتى!

— توغرا، ياشەنجاڭ ناهىيىمىزنىڭ غول تۈۋرۈكى!

— شۇنداق، سەركەردىسى!...

— ئۇنى قانچە كۆتەرسە ئەرزىيدۇ!...

— بېشىغا شاھلىق تاج كەيگۈزسە ئارتۇق كەتمەيدۇ!...

... ... ... ... ... ... ...

قاراپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىنى ماختاش نېمە دېگەن تېتىقسىزلىق - ھە؟! يۈزمۇ - يۈز ماختىغاندىن كۆرە، ئوتقا تاشلىغان ياخشى ئەمەسمۇ؟!... لېكىن قارىسام، ياسىن ھاكىم تېخىمۇ كېرىلىپ، كاۋاپ چايناۋاتقان ئاغزىدىن شۆلگەي ئېقىپ، قاڭتۇرۇلغان ئاتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەي چىقىۋاتقان ماختاش، ئۇچۇرۇشلارنى ئاڭلاپ چىشلىرىم قىرىشىپ، ئىچ - ئىچىمدىن غىجىنىپ كەتتىم. ئاخىرى ئۆزۈمنى تۇتالماي مۇنداق دېدىم:

— يولداشلار، ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن. مەن چوڭ ئاقساقالنىڭ ھېچقانداق يېقىن بۇرادىرى ياكى تونۇشى ئەمەس، ئۇ ئادەم بىلەن مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا، گېزىتتە، تېلېۋىزوردا كۆرۈشۈپ تۇرىمەن!

لېكىن ئۇلار ئىشەنمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ:

— كەمتەرلىك قىلمىسىلا، چوڭ ئاقساقال ئۆزلىرىنى ئالاھىدە سورۇشتۇرۇپ يوقلاپ كەتتى...

— چوڭقۇر مۇڭداشتىغۇ...

— چاقچاق قىلدى تېخى!...

— شۇنداق، بىز بىر كۆرۈپلا بىلدۇق، ئىلگىرى قەدىناس ئىكەنلا، - دېدى ئىشخانا مۇدىرى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، - بۇ قېتىم بىزدىن سەۋەنلىك ئۆتتى، سىلىنى ياخشى كۈتەلمىدۇق، شۇڭا، ئاچچىقلىرى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىز بۇنى چوقۇم يۇيىمىز، ئەمدى سىلىمۇ بىز ئۈچۈن تۆت ئېغىز گەپلىرىنى ئايىمىسىلا، بىزنىڭ ياشەنجاڭ ئىقتىدارلىق، جاسارەتلىك، ياش كادىر. ئۇنى ھەر قانداق بەيگىگە سالسا ئۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ جاسارىتى، ئەقىل - پاراستى كىچىك يەرلەردە زايا بولۇپ كەتمىسۇن!...

بۇ ئادەملەر ھازىر ياسىن ھاكىمغا، ماڭا ۋە مەن ئارقىلىق ھېلىقى چوڭ باشلىققا خۇشامەت قىلىۋاتاتتى. خۇشامەت ھەرگىزمۇ ئالىي جاناب يۈرەكتىن چىقمايدۇ، ئۇ چاكىنىلارنىڭ نەيرىڭى. ھەر قانداق خۇشامەتنىڭ كەينىگە پايدا - مەنپەئەت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ يولدا يالغان ماختاشتىن، يالغان سۆزلەشتىن، يالغان كۈلۈشتىن، ھەتتا ھەر خىل پەسكەش قىلىقلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ! «خۇشامەتنىڭ چىشى يوق، لېكىن سۆڭەك غاجايدۇ» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟!...

مەن بۇ ئادەملەرنىڭ سۆزىگە، قىياپىتىگە، نىيەت - ئىقبالىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، بۇ نېمە دېگەن بىچارىلىق - ھە؟! ئۇلار مەندىن نېمە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، نېمە كۈتمەكچى؟! ئورۇن - مەرتىۋە، ھوقۇقمۇ؟! ئېسىت!... ھەي، خەق! سىلەر مېنى خاتا تاللاپ قاپسىلەر! ئەتىدىن كەچكىچە تۇپراق بىلەن، لاي - توپا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈيدىغان مەندەك مەجنۇن سۈپەت ئادەمدىن نېمە چىقماقچى؟! ھېلىقى چوڭ ئاقساقال بىلەن تونۇشمايمەن، تونۇشقان تەقدىردىمۇ، سىلەر دەۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈش ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟! مەن ئاشۇ بارغان - تۇرغان يېرىدە جىڭلاپ ھاراق ئىچىپ، ياغ بىلەن گۆش چايناپ، جاۋغايلىرىدىن شۆلگەي ئاققۇزۇپ، لاي بۇتتەك بېزىرىپ ئولتۇرغان ياسىن ھاكىمنى ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈشكە

ئەلچى بولامدىمەن؟! ئۇنداق ئوڭاي ئىش يوق ئاغىنىلەر! قاراڭلار، ئۇنىڭدا ئىقتىدار دېگەن نېمە ئىش قىلسۇن! بەلكىم ئۆزۋاقتىدا بار بولغىيتى، لېكىن هازىر ئۇنىڭدىكى ئىقتىدارنى ۋۇجۇدىدىكى شەخسىيەتچىلىكنىڭ، مەنسەپپەرەسلىكنىڭ، مەنمەنلىكنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى كۆمۈپ تاشلاپتۇ! ئۇنى جاسارەتلىك دەپ كىم دەيدۇ؟! جاسارەتلىك ئادەم ئاشۇنداق ئۇچرىغانلا يەردە ئۆزىنى ماختاپ، تاماخورلۇق قىلىدىغان، ئاغزى بېسىلماي لوقما چايناپ، لاپىسىپ ئولتۇرىدىغان لايغەزەل بولامدۇ؟!...

ئۇنىڭ تەلەتىگە قاراپ تېخىمۇ رايىم قايتتى. ئۇ، ئۆزىنى ماختاشتىن، يەپ ـ ئىچىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغاندەكلا قىلاتتى. مەن ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈككەن گەپلەرنى قىلماقچى بولدۇم، هازىر شۇ گەپلەرنى قىلىشنىڭ تازا لايىق پەيتى ۋەسورۇنى ئىدى:

— يولداشلار، مېنىڭ ناهىيەڭلەرگە كېلىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش قىلغىنىمغا بۈگۈن دەل يىگىرمە كۈن بوادى. مەن بۇ جەرياندا، بىر نەچچە يەرلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈردۈم. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، مۇهىت شارائىتى ناچار، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاجىز ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، ئېكولوگىيىلىك مۇهىت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەڭشەشكە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، هازىرقى ئىنتايىن ئاجىز بولغان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ئاقىۋەتتە يىغىشتۇرۇپ بولمايدىغان هادىسىلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇرۇنقى يىللاردا بىر مەهەل روناق تاپقان داندان ئۆرۈك، مارجانلىق، قارادۆڭ، كىرۇران قاتارلىق يىپەك يولىدىكى يىگىرمە

نەچچە شەهەرلەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى. هازىر سىلەرنىڭ ناهىيەڭلەردىكى گەۋدىلىك زىددىيەت شۇكى، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتى تەبىئەتنىڭ جانلىق قانۇنىيىتى بىلەن ماسلاشماي، بىر-بىرىگە ماس كەلمەسلىكتە ئىپادىلىنىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلىمىگەنلىكتىن ئىبارەت. ناهىيىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى لەنگەر يېزىسىنىڭ ئەهۋالى بىر قەدەر خەتەرلىك. بۇ يەردە بوستانلىقلارغا قاراپ سىلجىۋاتقان قۇم ئېقىنى يىلىغا يەتتە ـ سەككىز مېتىر بولۇپ خۇددى «قوشۇن شەهەرگە يېقىنلاشقان» دەك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭدا ئوبيېكتىپ شارائىتتىن باشقا، بەزى سۇبيېكتىپ ئامىللارمۇ ئاساسلىق رول ئوينىغان. مەسىلەن: چۆچۈكبۇيا، سوكسۇك قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ هەددىدىن زىيادە كولىنىپ كېتىشى بىلەن نۇرغۇن ئوتلاق بۇزۇلۇپ، شامالنىڭ ئۇچۇرتىشىدىن هاسىل بولغان ئاقار قۇم رايونىغا ئايلىنىپ قالغان. يەنە كېلىپ، بۇ يەردىكى چارۋىچىلار قامچا ئورنىغا پالتا ئىشلىتىدىكەن. بىر پادىچى قويىنى بېقىش ئۈچۈن، بىر قېتىمدىلا نەچچە يۈز تۈپ دەرەخنى چاتايدىكەن. بۇنىڭ بىلەن توغرا قىلىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپتۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك، پۈتۈن ناهىيىدىكى ئوتتۇز نەچچە مىڭ ئائىلىنىڭ هەر يىلى سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ سىرتىدىن كېسىپ كەلگەن يېقىلغۇ ئوتۇنى ئىككى يۈز قىرىق مىڭ ئېشەك هارۋىغا يېتىدىكەن. بىر هارۋىنى بىر يۈز ئەللىك كىلوگرام هېسابلىساق، جەمئىي ئۈچ مىليون بەش يۈز نەچچە مىڭ كىلوگرام ئوتۇن كېسىلگەن بولىدۇ. ۋاهالەنكى، خەلقنىڭ يېقىلغۇسى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان مارالتاغدىكى كۆمۈر كېنى بولسا، بىرلا شەخسنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن، ئۇ كىشي باشقا

جايلار بىلەن كېلىشىم قىلىپ، كۈمۈرنى سىرتقا توشۇپ كەتكەن! ئەمدى ناھىيىمىزنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى يېزىلاردا بولسا، قايتا شورلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپتۇ. بۇ يەردىكى ئېكىنزارلىقلارنى ئىجرىق، ئەمەن، ئاق شۇۋاق، قىرىق بوغۇم قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بېسىپ كېتىپتۇ.

بۇ ھال تۇپراق تەركىبىدىكى تۇز، ئازوت، ئورگانىك ماددا ۋە فوسفورلارنىڭ ئازلاپ، تۇپراق سۈپىتىنىڭ ناچارلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يولداشلار، بايلىق مەنبەلىرى بىلەن مۇھىت — تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە. ئەگەر بىز بۇنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىمايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىشىغا دۇچ كېلىمىز. ھازىر ناھىيەمىزدە تۇپراق ئاجىزلىشىش، قايتا شورلىشىش، قۇم بېسىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇش قاتارلىق ھادىسىلەر خېلىلا ئېغىر. بۇنىڭغا قارىتا ھازىردىن باشلاپ جىددىي تەدبىر قوللانمىساق، ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ يىگىرمە كۈنلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈشۈمنىڭ نەتىجىسى!

مېنىڭ بۇ كۆتۈلمىگەن سۆزلىرىم ياسىن ھاكىمنىڭ قۇلىقىغا ئانچە ياقمىدى. چۈنكى بۇ گەپلەر سىرتقا چىقىپ كەتسە ئۇنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىناۋىتىگە دەخلى يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، بۇ گەپلەر قىلىنىۋاتقاندا، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى تەتۈر تولغاق تۇتقاندەك پۈرۈشۈپ، ياغ تولغان كۆزلىرى يېقىمسىز پارقىراپ كەتتى.

بولۇپمۇ، كۆمۈر كېنى توغرىسىدىكى گەپلەر چىققاندا، ئۇ ئىككى تەرىپىگە قىمدىنىپ، ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى، كۆمۈر كېنىنى كۆتۈرە ئېلىپ، ئورغۇن پايدا تېپىۋاتقان كىشى دەل ئۇنىڭ قېيىن ئىنىسى ئىدى.



ئەلۋەتتە، مېنىڭ گەپلىرىم، مەن ئوتتۇرىغا قويغان سان - سىفىرلار بەزىلەرنى چۆچۈتمەي قالمىدى. ئىشخانا مۇدىرى «شۇنداقمۇ!» دېگەندەك ئەندىكىپ، مېنىڭ ئاغزىمغا قاراپ قالدى؛ يەنە بىر ئوتتۇرا ياشلىق مۇئاۋىن ھاكىم ئۇھسىنغان ھالدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ ئويچان تۇرقىدىن ئاللىقانداق بىر ئىشلارغا باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر چارە - تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزلىنىۋاتقاندلىقىنى بىلگىلى بولاتتى...

مېھمانلار ئۇزىتىلغان چاغدا، ياسىن ھاكىم كۆز قارىچۇقىنى بىرلا ئايلاندۇرۇپ، يەنە بۇرۇنقى خۇشچاقچاق ھالىتىگە كەلدى. ئۇ

مېنىڭ قولتۇقۇمدىن يۆلەپ چىقىشۇېتىپ، قۇلىقىمغا بىر مۇنچە شېرىن - سۆخەن گەپلەرنى شىۋىرلىدى ۋە ئاخىرىدا:

— سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى بىز ئۈچۈن جىددىي يولىيورۇق، خاتىرجەم بولسىلا، تولۇق ئىجرا قىلىمىز! بىز سىزنىڭ لەۋزىڭىزنى يەردە قويماسلىقلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز! - دېگەن گەپلەرنى ئالاھىدە ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى!...

ماڭا ئەتىسىمۇ ئارامچىلىق بولمىدى. يىگىرمە كۈندىن بېرى، بەزىچاغلاردا، ئايرىم دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە بەھوزۇر مېھمان بولغاندىن باشقا، بىرەرمۇ ئەمەلدارنىڭ كۆزىگە چېلىقمىغان مەندەك بىر تۇپراقچىنىڭ بىردىنلا يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى بولۇپ قالغانلىقى ئۆزۈمنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. روشەنكى، بۇ ھېلىقى چوڭ ئاقساقالنىڭ تويۇقسىز بۇيەرگە كېلىشى ۋە مەن بىلەن تاسادىپىي ھالدا ئۇچراشقانلىقىنىڭ شاراپىتى ئىدى. ئەگەر ئۇ كىشى بىلەن ئۇچراشمىغان بولسام، ئېھتىمال، ياسىن ھاكىمنىڭ غىل - پال بولسىمۇ دىدارىنى كۆرەلمەي ئارماندا كەتكەن بولاتتىم ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ئاتاۋۇللا بىلەنمۇ يۈز كۆرۈشەلمىگەن بولاتتىم. بۇ ئادەممۇ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي بۈگۈن ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ بىر نەچچە گۇپپاڭچىلىرى بار ئىدى. ئۇ ئادەم ھەدېگەندىلا ياسىن ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە بىر مۇنچە سىياسىي، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى پاش قىلىپ، ئاخىرىدا:

— ئۇنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى ئەنە شۇنداق لىغشىپ تۇرغان بىر پارچە سېسىق گۆش! شۇنىڭغا قارىماي، چوڭلارغا ياخشى كۆرۈنۈپ، يۇقىرى ئۆرلەيمىش تېخى! ئۇنىڭ توغرىسىدا چوڭ ئاقساقالغا ھەرگىز گەپ قىلىپ سالمىسىلا، مانا بىزمۇ ئۇنىڭ ھارام نىيىتىدىن چەتكە قېقىلىپ يۈرۈۋاتىمىز! - دەپ دەرد - ئەھۋال تۆكتى. ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ئەتراپىدىكى ھەمسۆھبەتلىرى تۆشمۇتۆشتىن دوست تارتىشتى:

— شۇنداق، ئا جۇشى چەتكە قېقىلىپ، كۈچلۈك بىر كادىر كۆمۈلۈپ قالدى!

— ئا جۇشى ناھىيىگە ئەمەس، ۋىلايەتكىمۇ يارىشىدىغان ئادەم!...

— ھوقۇقنى بەرسە تېخى چۆلنى بوستان قىلغۇدەك كۈچ - قۇدرىتى بار!

...........................................

تۈنۈگۈندىن بېرى بولۇۋاتقان ئىشلاردىن مەن بىر نەرسىنى — ئۇلارنىڭ خۇددى ئوغلاققا چۈشكەن چەۋەندازلاردەك ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ، تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان قوتۇر ئەچكۈنى تالاشقاندەك قانداقتۇر بىر نەرسىنى يوشۇرۇن تالىشىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالدىم. ئۇلار بۇ يولدا ئار - نومۇسنى، ۋىجداندان ئەقىدىسىنىمۇ ئاياغ - ئاستى قىلىشىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇزۇنغا قالماي، ئۇلار تالىشىۋاتقان بۇ يوشۇرۇن نەرسىمۇ ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، ۋىلايەتتىن ئاپتونوم رايونغا يۆتكىلىپ كەتكەن بىر مۇئاۋىن ۋالىينىڭ بوش قالغان ئورنى ئىكەن. ياسىن ھاكىم بىلەن ئاتاۋۇللا رەئىسنىڭ نەزەرىدە، مەن قايتىپ بېرىپ، ھېلىقى چوڭ باشلىققا بۇ كىشىلەرنى تونۇشتۇرۇپ، ماختاپ كۆككە كۆتەرسەم، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئەمەلگە ئېشىپ، بېشىغا تېخىمۇ سەلتەنەتلىك تاج كېيىلىدىكەن!...

مەن بۇلارنىڭ شۇنچە ئەخمەق، كالتە پەملىكىنى ئويلاپ، ئىچ - ئىچىمدىن

پۈچۈلىنىپ كەتتىم. بەلكىم، ئۇلار ئەسلىدە ئۇنچىلىك ئەقىلسىز، ئەخمەق ئادەملەر بولمىسا كېرەك، پەقەت ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئازتولا شەخسىيەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ئۇرۇقلىرى مەلۇم مەزگىل ناپاكلىق بىلەن ھوقۇق تۇتۇش جەريانىدا ئاستا - ئاستا بىخلىنىپ، شاخلاپ بۈگۈنكى ناشۈكۈرلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، مەنسەپپەرەسلىككە ئېلىپ بارغان بولۇشى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە، بىر - بىرىنى ياماناليدىغان غۇم - خۇسۇمەت، جەڭگى - ئاداۋەت قاتارلىق نېجىس ئىللەتلەرنى يېتىشتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن!...

ئاتاۋۇللا رەئىسنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ بارغان كېچىسى زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. بۇ يەرگە كەلگەن يىگىرمە ئىككى كۈندىن بۇيانقى كۆڭۈللۈك - كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. ھېسابلاپ قارىسام، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن كۈنلىرىم ناھايىتى كۆپ ئىكەن، بولۇپمۇ ئېتىز - ئېرىقلاردا، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا، توغراقلىقلار ئىچىدە، دېھقانلارنىڭ باغ - ھويلىلىرىدا ئۆتكەن كۈنلىرىم بەكمۇ كۆڭۈللۈك، ئازادە، دىلكەشلىك بىلەن ئۆتۈپتۇ. نۇرغۇن تەجرىبىلىك دېھقانلار مېنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈشىمنى ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، ماڭا نۇرغۇن ئاچچىق ساۋاقلارنى، ئۆزلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى سۆزلەپ بەردى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن، قەلب ۋۇجۇدىدىن ناھىيىنىڭ تەرەققىيات مەنزىرىسىنى، گۈزەل ئىستىقبالىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇلارنىڭ ھەمىشە سۆزلەيدىغىنى، ئويلايدىغىنى قانداق قىلىپ مول ھوسۇل ئېلىش، باي بولۇش، روناق تېپىش ئىدى. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ياسىن ھاكىم بىلەن ئاتاۋۇللا رەئىس ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى! ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنى ھوقۇق، ھوقۇق ئۈچۈن قورساق سوقۇشى قىلىش ۋە كۆز بوياپ يۇقىرى ئۆرلەش تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ ناھىيىنىڭ تەرەققىياتى، كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا باش قاتۇرۇشقا ۋاقىت چىقىرالىسۇن؟!... ھوقۇق ۋەسۋەسىسى ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى سۇسلاشتۇرۇپ، ئەقلىنى كەسكەن، قۇلىقىنى پاڭ، كۆزىنى ئەما قىلىۋەتكەن ئىدى!...

مېنىڭ يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك ئۆمرۈم ئۆتكەن بۇ ناھىيە شۇنداق تىنچ ۋە خىلۋەت يەر ئىدى. ئۇنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدىن ئادەمنىڭ قۇلىقىنى غىدىقلايدىغان ئايروپىلاننىڭ ئاۋازى كەلمەيتتى، ئۇنىڭ دەل-دەرەخسىز دالىسىدا تۇرغان كەڭ دالىلىرىدىن ھەيۋەتلىك پويىزنىڭ تاراق - تۇرۇقى ئاڭلانمايتتى، ئۇنىڭ قۇمساڭغۇ توپىلىق، ئەگرى - بۈگرى يوللىرىدا ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى قاقشىتىدىغان ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىمۇ يوق ئىدى!... شۇڭغا قاراپ مەن بۇ يەرنى تۇرمۇشنىڭ ھەر خىل ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي تىنچ ۋە خاتىرجەم، خىلۋەت ۋە ئارامخۇدا ماكان دەپ قارىغانىدىم. لېكىن كېيىنكى ئىككى كۈندە يۈز بەرگەن ئىشلار مېنىڭ بۇ ساددە قارىشىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ يەردىمۇ خۇددى بەزى شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئۇچۇرىۋېتىدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلەر بار ئىكەن. بۇ شاۋقۇن - سۈرەن قانداقتۇر ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن گۈگۈرەش ياكى بۇ يەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقساي دەرياسىدىن ئاڭلىنىۋاتقان شارقىراش ئەمەس، بەلكى ياسىن ھاكىم، ئاتاۋۇللا رەئىستەك كىشىلەرنىڭ ئالاكۆڭۈلىدىن چىقىۋاتقان مەنىسىز قىقاس-چۇقانلار ئىدى!...

1991 - يىل ، 18 - يانۋار ، قەشقەر .

مۇھەممەت ئىمىن

# ئۈچ ھېكايە

## چۈش ئىچىدىكى چۈش

پۇل دېگەن ئېتىكىمگە كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدا تۆكۈلۈۋاتقان غازاڭدەك تۆكۈلۈۋاتاتتى، يىغىشتۇرۇپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتىم، بىر قانچە تاغارنى ئۆرە قىلىپ بولغىچە چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتىم. ئارىلاپ - ئارىلاپ قۇيۇنتاز چىقىپ تاراقلىما تىزىلارنى پېقىرىتىپ ئايلاندۇرۇپ ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، ئارقىدىن قوغلاپ باقىمەن، تۇتالمايمەن، يۈرىكىم پېژىدە ئېچىشىپ، لېۋىمنى چىشلەپ قالىمەن. «تۆكمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالماي» دەپ دەرھال ئارقامغا يېنىپ قايتىدىن ئېتىكىمنى كەڭ ئاچىمەن، پۇللار يەنە شالدىرلاپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ، ھەش - پەش دېگۈچە ئېتىكىمگە پاتماي قالىدۇ، ئالدىراشچىلىقتا بىر قولۇمنى ئۇن قىلالماي تۇرغاندا، قىيىشقاندەك بىرسى گېلىمدىن غىققىدە بوغۇۋالدى. دېمىم سىقىلىپ تىپىرلاپ ئويغىنىپ كەتتىم.



ئويغىنىپ كېتىشىمغۇ ئويغىنىپ كەتتىم، لېكىن ئويغۇمدىمۇ دېۋىدەك زەبەردەست بىر ئادەمنىڭ چۈشۈمدىكىدەكلا گېلىمدىن بوغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم. پۈتۈن ئەزايىم بوشىشىپ، ئەيلەنمىگەن خېمىرغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئارىدەك ئۇزۇن ۋە قاتمال قوللىرى بىلەن گېلىمدىن چىڭ بوغقىنىچە گويا بىر تۇتام پاخالدا ياسالغان قارانچۇقنى كۆتەرگەنىدەك مېنى يەردىن لىككىدە ئۈزۈۋالدى. ئۆزۈممۇ ئانچە ۋېجىك ئادەممۇ ئەمەستىم، ئىككى - ئۈچ ئادەمگە تېتىغۇچىلىك بەستىم بار، مۇشتۇمۇممۇ تۆمۈرچىنىڭ بازغىنىدەك يوغان. لېكىن ئۇنىڭ قولىدا سانىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چۆجىدەك تىپىرلاپ، ئېسىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان خاپان بېشى، غەزەپ بىلەن تۈرۈلگەن قويۇق قوشۇما قاشلىرى، چانىقىدىن ھېلىلا چاچراپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنگەن، ئوت چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى، قىڭراقتەك بېسىلىق بۇرنى ئاستىدىكى دىڭگىيىپ تۇرغان قاپقارا تولغىما بۇرۇتلىرى ئىختىيارسىز ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. يۇڭلۇق، كەڭ كۆكرىكىدىكى ئۈچ - تۆتتەك تۆشۈكچىدىن بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان قاننىڭ ئالدى ئۇچۇق ئاق ماتا كۆڭلىكى ۋە چاسا بەلبېغىغا شورقىراپ قۇيۇلۇۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشكەنىدە قورققىنىمدىن ئۆلەي دېدىم، ئۇنىڭ بىرسى بولدۇم،

جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپلا قالدى. زۇۋانىمۇ تۇتۇلدى بولغاي، ئاغزىمنى كۆچەپ ئۆمەللەشلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. چىش ئاراشلىرىمدىن بولسىمۇ بىرەر ئېغىز سۆز سۇغۇرۇلۇپ چىقمىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ بولسا مېنى دەسسەپ بېقىۋاتقاندەك پۇتلىرىمنىڭ ئۇچىنى يەرگە دوقۇسلىتىپ تەگكۈزۈپ قويۇپلا يەنە ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىشنى توختىماي تەكرارلاۋاتىدۇ. يەنە تېخى قوۋۇرغىلىرىمنى بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىپ، مۇسكۇللىرىمنى چۇۋۇپ تاشلاپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالماقچى ياكى مېنى قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك جېنىمنىڭ بېرىچە سىلكىۋاتىدۇ. بۇ، چۈشۈم ئىچىدىكى چۈشۈمىدۇ ياكى راستىنلا ئوڭۇمدا بولۇۋاتقان ئىشلارمىدۇ؟ دەماللىققا ھېچنېمىنى پەرق قىلالماي، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ سىرلىق ئادەمنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ، قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە قاپلىغان كۆزلىرىمنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

ئۇ ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان باھار گۈلدۈرمامىسىدەك ھەيۋەتلىك ۋە جاراڭلىق ئىدى:

— ھەي نادان! ئۆزۈڭنىڭ نادانلىق پاتقىقىغا بېلىڭگىچە پېتىۋالغىنىڭنى ئاز دېگەندەك، ئەمدى بالاڭنىمۇ بۇ پاتقاققا ئىتتىرىپ نابۇت قىلاي دەمسىنا؟!

توۋا، باش ـ ئايىغى يوق قانداق سوئال بۇ؟ قوۋۇرغامنى ئېگىپ تېخى مېنى نادان دېگىنىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ! راستىنلا نادان بولىدىغان بولسام خەق مېنى «ھوشۇرتۈلكە» دەيدىغانغا ساراڭ بولۇپ قاپتىمۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاشخانىنى چۆرۈش دېگەن شۇنچە ئاسان گەپمىكەن؟ قېنى مېنى نادان دېيىشكە تىلى بارغان مۇنۇ مۆھتەرەم جاناب ئېيتىپ باقسۇنچۇ، بۇ ناھىيە بازىرىدا ئاشخانا ئېچىپ ئوقەتتىنى مەنچىلىك ئاقتۇرالىغان يەنە كىم بار؟! خۇددى باياتىنقى چۈشۈمدىكىدەكلا پۇلنىڭ ئېتىكىمگە غازاڭدەك تۆكۈلۈۋاتقىنى يالغان ئەمەس، لېكىن ھېساب كىتابتىن خاتىرجەم بولالماي كېلىۋاتقىنىمغا ئىككى يىلدىن ئېشىپ قالغىنىمۇ راست. ئىش ھەققىنى كۆپ تەلەپ قىلمايدىكەن دەپ خوش بولۇپ، بوغالتىرلىقتىن قوغلانغان بىرىنى تېپىۋالدىم، مېنى ئوڭدا قويغىلى تاس قالدى. «كۆتەكەشكىنى!» دەپ، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىدارىسىنى دوراپ قوڭىغا تەپتىم. كېيىن تاپقان ھېلىقى كۆزەينەكلىك بالىغۇ خېلى ئوبدان بىر نېمىدى، بۈگۈنكى ھېسابنى ئەتىگە قالدۇرمايتتى، مەندىن سورىماي بىر تىيىننى ئۇيان ـ بۇيان قىلمايتتى، بىرەر كوينى ئوشۇق بەرسەممۇ ئالمايتتى. قاملاشمىغان يېرى، ئۇ تېرىقچىلىكمۇ تۇغقانچىلىقىمىز بولمىغان يات ئادەمنىڭ بالىسى ئىدى. ياتقا ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىدىغان ئۇنداق ئەخمەق ئادەم ئەمەسمەن ـ دە! يات دېگەن ياتلىقىنى قىلماي قالامدۇ؟ بۇ دۇنيادا ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايدىغان كىم بار؟ ئەقەللىسى چاشقانمۇ ئۆز ئۇۋىسىغا ئوزۇق توشۇشنى بىلىدۇ ـ يۇ، ئائىلىسى ئىچىدە بولغان ئادەم بالىسىنى ئۆز ئۆيىگە سۈڭگۈتۈشنى بىلمەيدۇ دېسە كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ شۇڭا ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭدىن بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن ئون قېتىم ئۆتۈپ ئىنچىكە ھېساب ئالىمەن، يانچۇق ـ يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ باقىمەن. بىرەر موچەن چىقىپ قالىدىغان بولسا «ئۆزۈمنىڭ ئىدى» دەپ چۈشەندۈرگىنىگىمۇ ئۇنىماي كۆزىگە كىرىپلا ئالىمەن، ئاندىن ئىش ھەققىدىن

ئۇنكوي تۇتۇپ قالىمەن. بۇنداق قىلىش مېنىڭ مەنپەئەتىم ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ياخشى - دە! ئادەمنى خىيانەتچىلىك يولىغا مېڭىشتىنسا قلاپ قېلىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئەپلىك چارىسى بولامدۇ؟ لېكىن ئادەم دېگەنغۇ قىلغان ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بىر نېمە ئوخشايدۇ. ئۇ مېنىڭ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەي: «ۋاي داد، جاق تويدۇم!...» دەپ، قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتتى. بېشىم قېتىپ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، ئويلىمىغان يەردىن ئۆز ئوغلۇمغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. نېمىشقىمۇ قاپاق كاللامغا بۇ ئەقىل بالدۇرراق كەلمىگەن بولغىيتى؟ دەپ پېشانەمگە ۋاققىدە بىرنى سالدىم. راست ئەمەسمۇ، بىچارە بالام ھەركۈنى ئاخشىمى بىر دۆۋە تاپشۇرۇق دەپتىرىنىڭ ئىچىگە چۆكۈۋېلىپ، يېرىم كېچىگىچە كىتىرلىتىپ بىر نېمە يېزىپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان، ئۇيقۇسى كېلىپ زادى بولالماي قالغانىدا «دوق!» قىلىپ شىرەگە ئۈسسۈپ تاشلاۋاتقان! توۋا، تۆگىمەيدىغان قانداق ئالۋاڭدۇ بۇ؟ ئەپەندى دېگەن بىر نېمىلەرنىڭ يۈرىكى تاشتىن يارالغانمۇ قانداق. بارغانسېرى جۇدەپ كېتىۋاتقان ئوغلۇمغا ئىچ ئاغرىتىپ قويايمۇ دېمەي، تاپشۇرۇقنى كۈندىن - كۈنگە ئېغىر بەرگىنى نېمىسى؟ ھە، توغرا، ئۇلار جەزمەن مېنىڭ بېسىپ كېتىۋاتقىنىمنى كۆرەلمەي، ھەممە دەردىنى ئوغلۇمدىن ئېلىۋاتقان گەپ! ئوغلۇمنى خاراب قىلىش كويىدا بولۇۋاتقان گەپ! ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشىدىغان ئۇنداق ئەخمەق، ئۇنداق بوشاڭ ھوشۇراخۇن يوق! ئوغلۇمنى دەرھال بۇ تۆگىمەس ھاشادىن، پۈتمەس ئازابتىن قۇتقۇلدۇراي، ئۇستىدىن تاغدەك بېسىپ تۇرغان بۇ ئېغىر يۈك ئاستىدىن ئازاد قىلاي! مانا، بىرچامەمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇش دېگەن شۇدە! بۇنىڭ بىلەن ئوغلۇم ئەپەندىلەرنىڭ تۆگىمەس ئالۋاڭلىرىدىن ۋە تىل - دەشناملىرىدىن قۇتۇلىدۇ، مەنمۇ ھېساب كىتابتىن خاتىرجەم بولىمەن، ئوقىتىم تېخىمۇ ئاقىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوغلۇمنىڭ بالىلىق قىلىپ: «ئۇنداق قىلماي ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتقىن، جېنىم دادا!...» دەپ يىغلاپ قاقشاشلىرىغا، ئەپەندىلىرىنىڭ: «ۋاي ئېسىت، بەكمۇ ئۆتكۈر بالا ئىدى، ئوقۇتماي نابۇت قىلسىڭىز گۇناھكار بولىسىز...» دەپ، ياسالمىلىق بىلەن ئېچىنغان قىياپەتە ۋەز ئېيتىشلىرىغا ۋە بوسۇغامنى ئۇپرىتىۋەتكىدەك دەرىجىدە موكىسىمان قاتراشلىرىغا پەرۋامۇ قىلماي، ئۇنى يەتتىنچى سىنىپتىن غاچچىدە چىقىرىۋېلىپ، قولىغا ئاشخانىنىڭ ھېساب-كىتابلىرىنى تۇتقازدىم، ئۇ، بىرەر ئايغىچە دومسىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. كېيىنچە ئوقەت دېگەن نېمىنىڭ شېرىن تەمىنى تېتىپ قالغاندىن كېيىن چوت دېگەننى شاراقشىتىپ سوقۇپ ئوت چىقىرىۋېتىدىغان بولۇپ كەتتى. ئوقەت دېگەننىڭ كىچىكىدىن باشلاپ كۆزىنى پۇشۇرغاچ تۇرمىسا، كېيىن ئۆزى قېينىلىپ قالىدۇ-دە! مۇشۇنداق ئون يىل پىشۋالسا خوتۇن ئېلىپ بەرگىدەك بولغىچە ئىشىنىڭ يولىنى خېلى بىلىپ قالىدۇ. «بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، ئوقەت قىلىشتا كېيىنچە مەندىن ئېشىپ كېتەمدۇ تېخى! بۇ، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلىغانلىق - تە! ئەھۋال دېگەن مانا مۇشۇنداق تۇرسا، گېلىمنى بوغۇۋالغان بۇ بەغرەز ئادەمنىڭ مېنى بىكاردىن - بىكار

«نادان» دېگىنىگە، «بالاڭنىمۇ نابۇت قىلاي دەمسىنا؟!» دەپ ئەيىبلىشىگە قانداقمۇ قايىل بولاي؟!

قورسىقىم كۆپۈپ، قاتتىق غەزەپكە كەلگەنلىكىمدىنمىكىن، ئېيتاۋۇر، تېنىمگە ئازتولا جان كىرگەندەك قىلدى. «نېمە بولسام بولارمەن، پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەرمەن!» دەپ، تازا رەددىيە بېرىشكە تەمشىلىپ تۇرسام، ھېلىقى ئادەم يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيدىغاندۇرسەن، ھەقچان! ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن نادان توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇسەن؟

— سىيىت نوچى؟! — مەن ھەيران بولغىنىمدىن قاتتىق توۋلىۋەتتىم. مۇبادا ئۇ ھېلىغىچە گېلىمدىن چىڭ سىقىپ تۇرمىغان بولسا ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ ئارقامغا تىرىكىدە ئۈچۈپ چۈشكەن بولاتتىم. مۇنداق دەك، ئەسلىدە گېلىمنى سىيىت نوچى سىقىپ تۇرغان ئىكەن - دە!

— توغرا! گەپ - سۆزلىرىڭدىن قارىسامغۇ ئەقلىڭ دۆمبەڭگە چىقىپ قالمىغاندەك قىلىدۇ! - ئۇنىڭ سوغۇق كۈلكىسى شۇ قەدەر ۋەھىملىك ئىدىكى، ئۇ، ئادەمگە ئىختىيارسىز گاھ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان پايانسىز دالىدا تېنەپ قالغان بۆرىنىڭ سوزۇپ - سوزۇپ ھۇۋلاشلىرىنى، گاھ قەھرىتان سوغۇقتا دەل - دەرەخلەرنىڭ قاراسلاپ يېرىلغان ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن شىددەتلىك شىۋىرغاننىڭ ئەنسىز ھۇشقۇيتىشلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ گويا مېنى سوراققا تارتىۋاتقاندەك ئەلپازىنى بۇزۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - ئېيتقىنا، ئەقلىڭ جايىدا ئىكەنۇ، يەنە نېمىشقا كەمئەقىللىق قىلىپ بالاڭنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدىڭ؟!

— بۇ ... بۇ ...

— تولا تىلىڭنى چاينىما! — مەن ناھايەتكە چۈرگۈسىز بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، ئۇ مېنى يەنە قوپاللىق بىلەن سىلكىشلىۋەتتى، - ئېيتقىنا، نېمە ئۈچۈن بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىدىكى مەنپەئەتنىلا كۆرۈپ، يىراققا نەزەر سالمايسەن؟ بىزغۇ نادانلىقنىڭ دەردىنى تويغىچە تارتقان، ئەمدى ئۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىمىزنىمۇ ماڭا ۋە ئۆزۈڭگە ئوخشاش دىل قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزسۇن دەمسەن؟ - ئۇ سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىناتتى، ھاياجانلانغانسېرى قىزىشىپ سۆزلەيتتى، ئەلەملىك كۆز ياشلىرى تۇيۇقسىز چىققان رەھىمسىز شامالدا گۈل بەرگىلىرىدىن دومىلاپ چۈشكەن شەبنەم تامچىلىرىدەك توختىماي تۆكۈلەتتى. نېمىشقىدۇر، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتكىلى تاس - تاماس قالدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئىچ - باغرىنى سېرىپ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە ياش كەلتۈرىدىغان سىيىت نوچى پاجىئەسى توغرىسىدىكى داستاننى مەدداھلاردىن تالاي قېتىم ئاڭلىغانمەن. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇ قانداق بولۇپ تىرىلىپ قالدى؟ ئويلىغانسېرى دىلىمنى ۋەھىمە باستى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ، يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى، دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئۆزلىرىنى... — قورقۇنچلۇقتا ئاۋازىم

شۇقەدەر تۆۋەنلەپ كەتتىكى، گويا ئۇ يەتتە قات يەر تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك، ئۆزۈمگە ئاران – ئاران ئاڭلاندى، – ئۆزلىرىنى چېرىكلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەمەسمىدى؟

— ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېتەلىگىنى بىلەن روھىمنى مەڭگۈ ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيدۇ! – دېدى سېيت نوچى ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كەسكىنلىك بىلەن، – مەن كۆزى ئوچۇق قارىغۇ! نادانلىقنىڭ قۇربانى! قارا كۈچۈمگە ئارتۇقچە ئىشىنىپ كەتكەن نادان! مەن شۇ نادانلىقنىڭ زىيىنىنى خەلقىمگە تونۇتمىدىم! ناداننىڭ كاساپىتىدىن بىھۇدە تۆكۈلگەن قېنىم ئارقىلىق قېرىنداشلىرىمنى ئويغىتىمەن! قارىسام، نەپسانىيەتچىلىك تورلىرى كۆزۈڭنى ئېتىۋاپتۇ، ئىلىم – مەرىپەتنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنى ئويغىتىدىغان نۇرلۇق چىراغ ئىكەنلىكىنى كۆرەلمەي نادانلىق پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋېتىپسەن، بۇنى ئازدېگەندەك ئوغلۇڭنىمۇ شۇ پاتقاققا سۆرەپ ئەپكىرىپ كېتىۋاتىسەن! ناۋادا شۇ پاتقاققا كىلىڭغىچە پېتىپ قالساڭ، بويۇڭ بىلەن تەڭ ئالتۇن، پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى سېتىۋالغىدەك مال – دۇنيا تاپساڭمۇ ئۆزۈڭنى قۇتقۇزۇپ قالالمايسەن! ماڭا ئوخشاش ۋاقىتسىز ھالاك بولىسەن! شۇڭا سېنى بالدۇرراق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ قوياي دەپ، ئالدىراپ يېنىڭغا كېلىشىم!

— ئەمدى مېنى نېمە قىل دەيلا؟

— نېمە قىلاتتىڭ! بالاڭنى دەرھال مەكتەپكە بەر، ئوقۇسۇن! ئىشەنگىنىكى، ئۇ، كەلگۈسىدە چوقۇم ئالىم بولىدۇ، ئۇرۇق – ئەۋلادىمىزنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، نام – شۆھرىتىمىزنى دۇنياغا تارىتىدۇ! ئۆزۈڭمۇ پۇل تۆشۈكىگە كېپىلىشىپ يېتىۋەرمەي، تاپقان – تەرگىنىڭنى ئايىماي مەرىپەتكە سەرپ قىل! كىشىلەر قەلبىگە مەشئەل ياقىدىغان كۈرمىڭ بۇغۇنلار يېتىشىپ چىقسۇن! ئەل بىلەن تەڭ يېگەن نان تەنگە سىڭىدۇ! ھازىرقىدەك ئۆز نەپسىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىۋېرىدىغان بولساڭ ئۆزۈڭنىلا ئەمەس، بالاڭنىمۇ بېشىغا چىقىسەن!...

سېيت نوچى مېنى دوقىدە يەرگە دەسسىتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، غەزەپ بىلەن كاللامغا قاتتىق نوقۇپ قويۇپ، قوش قاناتلىق ئىشىكنى جالاق – جۇلۇق يېپىۋېتىپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى، گۈرسۈلدىگەن ئاياغ تاۋۇشى يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان گۈلدۈرماممىنىڭ گۈلدۈرى بىلەن ئارىلىشىپ، شۇنداق ھەيۋەتلىك بىر سادا پەيدا قىلدىكى، ئۇنىڭ زەربىدىن يەر – زېمىن زىلزىلىگە كەلدى، شۇ تاپتا ئۇ، گويا مېنىڭ يۈرىكىمگە دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك، كۆكرەك قەپىزىم سىقىلىپ ئاغرىشقا باشلىدى، ئاچچىق تولغىنىپ كەتتىم. توساتتىن شىددەت بىلەن چاقماق چېقىپ، قىلىچسىمان بىر نۇر قاپقاراڭغۇ تۈن باغرىنى يېرىپ ئۆتتى. سېيت نوچىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان قاۋۇل بەستى يالت – يۇلت قىلىپچاقنىغان ئاشۇ نۇرغا سىڭىپ كەتتى. ئارقىدىن ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆكتى. قارىسام، يېرىم كېچىمۇ بولماپتۇ. باياتىنقى شېرىن چۈشۈمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كارىۋاتقا ئۆزۈمنى تاشلىدىم. لېكىن ھەر قانچە قىلسامۇ كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ قېتىم راستىنلا ئويغانغان ئوخشايمەن...

# ئۆز بېشىغا كەلگەندە

1

— ئانا، تېلېۋىزورغا قارىغىنا، ئاۋۇ بالا
نېمە دېگەن قورقۇمسىز - ھە! لاۋۇلداپ كۆ-
يۈۋاتقان ئوت ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ دۆ-
لەتنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ!
— ئەخمەق بالىكەن ئۇ، قوزام. ناۋادا
شۇ چاغدا ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسا، ئۇ
بىكاردىن-بىكار كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەت-
مەيتتىمۇ! شۇنى بىلىۋالغىنكى، جان بولسا
مال - دۇنيا دېگەننى تاپقىلى بولىدۇ، ئەم-
ما مال - دۇنيا بىلەن جاننى تاپقىلى بول-
مايدۇ. پۇلنى دەپ ئۆز جېنى بىلەن ئوي-
نىشقان نەدە بار؟ سەن ھەرگىز ئۇنى دورى-
ما جۇمۇ، جېنىم پاقلىنىم!...
— ھە؟!...

2

— ئانا، ئانا، قارىغىنا، ئاۋۇ ئاكاش
نېمە دېگەن باتۇر - ھە! شىددەتلىك قاي-
نامغا سەكرەپ چۈشۈپ، بىر موماينى قۇت-
قۇزۇپ چىقىپتۇ، لېكىن ئۆزى ماغدۇرىدىن
كېتىپ قېلىپ شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولۇپتۇ!
— تازا دۆت بىر نېمىكەنغۇ ئۇ، بالام.
شۇ ئۆلۈمتۈك قېرىنى دەپ ئۆزىنىڭ ياش
جېنىغا زامىن بولغىنىنى قارىغىنا!
نېمىسىگە چەكچىيىسەن؟ مىنىڭ
قۇتقۇزغان بىلەنمۇ گۆر ئاغزىغا بېرىپ قال-
غان ئادەم دېگەن ئۇزۇنغا قالماي بەربىر
ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزى ئامان
قالغان بولسا، دۆلەتكە كۆپرەك تۆھپە قوش-
ماقتى! كونىلار: «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى
قوي» دەپ بىكار ئېيتمىغان. سەنمۇ ئاشۇن-
چىلىك ئاددىي ئىشنى چۈشەنمەيدىغان ھا-
ماقەت بولۇپ قالمىغىن يەنە!
— ھە؟! ...

3

— ھۇ نائىنساب، تۇزكور! ئاق سۈتۈمنى
بىكار ئەمگەن ھارامى! ئۈچ لۈكچەك مېنى
ئارىغا ئېلىۋېلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىۋاتسا،
قۇتقۇراي دېمەي، بېشىڭنى تۆۋەن سېلىپ
ئۆتۈپ كېتىۋاتىسەنغۇ! نەرىڭ ئوغۇل بالا
سېنىڭ؟! ھەي ئېسىت، ئېسىت! سەندەك بىر
نېمىنى باققىچە ئىت بالىسىنى باقسامچۇ،
ئۇ، ھېچبولمىغاندا قاۋاپمۇ بولسا ئادەم
چاقىرىشقا يارايتتى! تۆگىدەك بويۇڭ بولغىنى
بىلەن كۈچۈكچىلىك جىگىرىڭ يوق بىر نېمە
بولغان ئوخشىمامسەن؟ تۇۋا قىلدىم، تۇۋا!
— ھە؟! ...

## تەسىر

— دادا! دادا! سەن زادى گەپ قىلما-
سەن - يوق، ئۇكام مېنى بىكاردىن - بىكار
تىللاۋاتىدۇ!
— ياق، دادا، مەن ئاچامنى تىللىمى-
دىم، ئاچام يالغانچىلىق قىلىۋاتىدۇ!
— ئۆزۈڭ يالغانچى!
— سەن يالغانچى! ...
— ھەي ھارامىلار! بىر - بىرلەپ سۆز-
لەشمەمسەن! نېمە قۇلاق - مېڭەمنى يەپ،
كۆڭلىكى بۇزۇلغان ھەرىدەك گىژىلدىشىسەن! -
بالىلىرىنىڭ دە - تالاشلىرى ئىشتىن
چۈشكەندىن كېيىن سافا ئۇستىدىكى ماموق
ياستۇققا قىيسايغىنىچە ئارام ئالغاچ گېزىت
كۆرۈشكە باشلىغان كەنجاخۇننىڭ كەيپىنى
بۇزدى. ئۇ چۆجە-خورازلاردەك بىر-بىرىگە
ھۈرپىيىشىپ تۇرغان بالىلىرىغا غەزەپ بى-
لەن ئالىيىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى دا-
ۋاملاشتۇردى، - ھە، گېپىڭ بولسا ئەمدى

دېيىش ، نېمە بولدى زادى؟
— ئۇكام مېنى تىللىدى.
— ياق، مەن تىللىمىدىم.
— سەن توختاپتۇر ، — دېدى كەنجاخۇن ئوماق ئوغلى دولقۇننىڭ چىدىدىلەشكەنلىكىدىن يېڭىلا تونۇردىن چىققان تۇقاچتەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە قاراپ مەسلىكىكەلگەنھالدا، — ئاۋۋال ئاچاڭ دەيدىغىنىنى دەۋالسۇن، ھە، ئەمدى ئېيتە، دىلنۇر، ئۇكاڭ زادى سېنى نېمە دەپ تىللىدى؟
— ئىنجۇمەرۇق دەپ.
— نېمە؟ ئىنجۇمەرۇق دەپ؟!
— ھەئە، ئىنجۇمەرۇق دەپ تىللىدى.
— ياق، مەن تىللىمىدىم،— دېدى دولقۇن ئۆزىنى ئاقلاپ، — مەن دېگەن ئاچامغا بەك ئامراق، ئاچامنى ھەرگىز تىللىمايمەن.
— سەن زادى ئاچاڭنى ئىنجۇمەرۇق دېدىڭمۇ يوق؟
— راست، شۇنداق دېدىم، — دېدى دولقۇن تىرنىقىنى تاتىلىغاچ يەرگە قارىغان ھالدا، — لېكىن مەن ئاچامنى تىللىمىدىم.
— ئىنجۇمەرۇق دېدىم دەيسەنۇ، يەنە ئاچامنى تىللىمىدىم دېگىنىڭ نېمىسى، ھوي كاززاپ؟ — كەنجاخۇن ئوڭ قولىنىڭ بېگىز بارمىقىنى ئۇشلاپ دولقۇننىڭ كۆزىگە تىققىدەك بولۇپ ۋارقىرىدى، — ھۇ ئادەم ئەمەمەي ئىت ئەمگەن ھارىمى! سېنى نان بېرىپ باقماي پوق بېرىپ باققان بولغىمىدىم؟ ھۇ ئاناڭنى ... ئەقلى دۆمبىسىگە چىقىپ قالغان كوسپۇرۇچ! ...

دولقۇن قورقىنىدىن دىر — دىر تىترەگىنىچە قاتتىق ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغاندەك ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. كەنجاخۇن ئۆزى ئامراق ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز باشلىغان يىغا ھۇجۇمى ئالدىدا دەماللىققا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قىلىپ، قايىناشتىن توختىدى ۋە ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بەزلەشكە مەجبۇر بولدى:
— بولدى، بولدى! ئوبدان بالام، باتۇر بالام بۇ! ئوغۇل بالا يىغلىغان نەدە بار؟ ھە، قېنى، بىر كۈلۈپ بەرگىنە، ھە مانا مۇشۇنداق!...

دولقۇن ئاخىرى پوتلىسىنى ئېقىتىپ كۈلدى ۋە دادىسىنىڭ كۆكسىگە سۈركىلىپ ئەركىلەشكە باشلىدى. كەنجاخۇن بىر چەتتە ئۆزىگە نارازى بولغان ھالدا قاراپ تۇرغان قىزى دىلنۇرنى كۆرۈپ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى — دە، ئوغلىدىن گەپ ئالدى:
— ئىنجۇمەرۇق دېگەن گەپنى كىمدىن ئۆگەندىڭ، بالام؟
— سەندىن!
— مەندىن؟ — كەنجاخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — قاچان مەن ساڭا شۇنداق دېدىم؟
— ماڭا ئەمەس، ئانامغا دېگەنتىڭ، — دېدى دولقۇن كەسكىن تەلەپپۇزدا، — مەن ئېخى سېنى ئانامنى ماختىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. شۇڭا مەنمۇ ئاچامنى ماختاي دەپ...
— ھە؟! — كەنجاخۇن بېشىغا ئېغىر توقماق تەگكەندەك تۇنجۇقۇپلا كەتتى، بىرھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ: «ھەي، مېنىڭ مۇشۇ ئاغزىمنىزە...» دەپ، ئۆز ئۆزىنىڭ ئاغزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى.

سايىت سادىق

# ھەي، ئېسىت!

(ھېكايە)

پوچتالىيون ئېلىپ كىرگەن پومپايغان كونۋېرتقا قاراپ ئويلىنىپ قالدىم. بىلسەم — بىلمىسەم بۇ بىرەر ياش ئاپتورنىڭ تېمىسى ھازىرلا ماڭا مەلۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قول يازمىسى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئۇنىڭ كونۋېرت ئۈستىگە ئادرېسى بىلەن ئىسمىنى يازمىغانلىقى چوڭ گەپ ئەمەس. كونۋېرتنى ئاچسامىلا ئۇنىڭ ئەسىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىم ھەققىدە يازغان دۇئايى — سالىمى بىلەن مۇبارەك ئىسمى — شەرىپى مانا مەن دەپلا مەلۇم بولىدۇ. توۋا بەزىلەر مېنىڭ يېرىم يىلدىن بۇيان ئادەتتىكى بىر ھېكايىنى جايىدا يازالمايۋاتقانلىقىمدىن خەۋىرى يوق قاملاشمىغان نەرسىلەرنىمۇ بىر قېتىم كۆرۈپلا ئاجايىپ ئەسەر قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدۇ دەپ قارىسا كېرەك. خەيرىيەت ئېمىلا بولمىسۇن كۆرۈپ باقاي، ھېچبولمىسا پىكرىمنى يېزىپ قايتۇرارمەن، ۋاقتىم كەتتىدە. ھەي ئېسىت!

× ×

«مەن بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئون ئۈچ ياشلىق ئوقۇغۇچى. پۈتتۈرگەن مەكتىپىڭگە قارىغاندا يېشىڭ كىچىكرەك تۇرىدۇ دەپ سوراپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن، مۇشۇنداق دېيىشكە سىز ھەقلىق. چۈنكى مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەندىن بىر — ئىككى ياش چوڭ، بۇنىڭ سەۋەبى مەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا بىر مەۋسۇم ئوقۇغاندىن كېيىن مەكتەپ ئىلمىي جەمئىيىتى يالغۇز كىشىلىك ئوچۇق ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ئالاھىدە ئىقتىدارلىق ئوقۇغۇچى دەپ مېنى ئۈچىنچى يىللىققا كۆچۈرۈپ قويغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ماڭىمۇ ئاز — تولا بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلدى. بىرىنچى، ئىككىنچى يىللىقلاردا مەيلى ئوچۇق ۋە يېپىق ئىمتىھان ياكى باشقا پائالىيەتلەردە بولسۇن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا بوي بەرمەي ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا ماڭىدىغان ئادەم مانا ئەمدى شۇنچە ھەپىلەشسەممۇ ئاساسلىق دەرسلەردە ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچىلارغا ئاران — ئاران يېتىشىپ ماڭالىدىم. لېكىن بۇمۇ ئۇزاققا سوزۇلمىدى. مېنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئۆگىنىش ئىرادەم مېنى ئۈچىنچى يىللىقتىمۇ ئەلاچىلار قاتارىدىكى شەرەپلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە قەدەم قويغىنىمدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ساق سەككىز يىل، ياق! يەتتە يىل ياخشى دېگەن نامنى قولدىن بەرمىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپمۇ، ئوقۇتقۇچىمۇ، ئاتا — ئانامۇ خۇشال، ئۆزۈممۇ خۇشال. سىز بىلمەيسىز، بىر دېھقان بالىسىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە باشتىن — ئاياغ ئەلا نەتىجىنى ساقلاپ كېلەلىشى ئاسان گەپ ئەمەس! راست ھەرگىز ئاسان

كەپ ئەمەس! بىزنىڭ ئاتا - ئانىمىز ئۆز-
لىرىنىڭ قىش - ياز تىنىمسىز قىلغان ئەمـ
گىكى بەدىلىگە بىزنى باقىدىغان گەپ. بىز-
نىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشى - يامان بولۇ-
شى تەبىئەتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، شۇ
يىللىق يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان سېلىقلارنىڭ
سانى ۋە مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ھەم پېـ
شانىدىن ئاققان تەرلەرنىڭ ياكى شائىر-
لارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ساپ كۆمۈش
تەرلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىـ
لەن چەمبەرچەس باغلانغان.
دېھقان بالىلىرىنىڭ دەرستىن كېيىنكى تاپ-
شۇرۇق ئىشلەش ۋە تەكرارلاشلىرى ھەرگىز
شەھەر بالىلىرىغا ئوخشاش ئاتا - ئانىسـ
نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئازادە، يورۇق مېھمانخانىـ
دىكى يېزىق ئۈستىلىدە ئەمەس، بەلكى قوي-
كالا باقىدىغان جاڭگاللىدىكى دوڭغاق جىگدە
ئاستىدا ياكى ئېتىزلىقتىن چارۋىلارغا ئوت-
چۆپ ئورۇپ كېلىش ئارىلىقىدىكى دەم ئېـ
لىش ۋاقتىدا بولىدۇ ... گەپنى ئاز قىلاي،
قىسقىسى مەن مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈت-
تۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوقۇتقۇچۇم
سانىيە مېنى چاقىرىپ:

— بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا
تېخنىكۇملارغا ئىمتىھان بېرىدىغانلار ئىچىـ
دە سەنمۇ بار، ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ
قوي، — دېدى. بىز تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپـ
نى پۈتتۈرگەنلەر ئۈچۈن بۇمۇ بىر غەنىمەت
پۇرسەت، لېكىن مەن بۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ
ياكى خۇشال بولغىنىمنى ياكى خاپا بولغىـ
نىمنى تازا بىلەلمىدىم. مېنىڭ تولۇق ئوتـ
تۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە
ئىمتىھان بېرىشتىن ئىبارەت پىششىپ
يېتىلمىگەن ئويۇم بار ئىدى.
ئائىلەمنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا تېخنىكۇمـ
دا ئوقۇپ تېزرەك خىزمەتكە چىقسام تۈت-
بەش تەڭگە ئىش ھەققىگە ئېرىشىپ دادامـ
نىڭ قولىغا تۇتقۇزسام، ھېچبولمىغاندا
ھۆددە يەردىكى زىرائەتنى كېلىشىم باھاـ
دىكى سۇ بىلەن سۇغارغان سۇ پۇلى بولىسـ
مۇ ھېساپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بالىلارنىڭ
چوڭى تۇرۇپ بەش ئۇكام بىلەن قوشۇلۇپ
ئاتا - ئانامغا ئېغىرچىلىقىمنى سېلىۋەرسەم
بۇمۇ تازا ئادىللىق ئەمەس. تولۇق ئوتـ
تۇرا مەكتەپتە ئۈچ يىل، ئالىي مەكتەپتە
بەش يىل، جەمئى سەككىز يىل ئوقۇيمەن
دېسەم ئۆيدىكىلەر نېمەدەر؟ ياخشىسى ئوقۇتـ
قۇچۇم ئېيتقاندەك تېخنىكومغا كىرىپ ئۈچ
يىل ئوقۇپ، مائاش ئېلىپ دادامنىڭ ئېغىـ
زىنى ئاشقا تەگكۈزۈپ، ئۇكىلىرىمنىڭ ئوقۇ-
شى ئۈچۈن ئاز - تولا كۈچ قوشاي. ئوقۇش
بەدەل پۇلى ئۈچۈن ئىككى چارەك بۇغداي،
دەپتەر كىتاپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن قوينىڭ
قوزىسىنى ساتىدىغان ئىشقا تېزرەك خاتىمە
بېرەي ...

— ياخشى بوپتۇ، — دېدى دادام كەچتە
مەندىن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېغىـ
زى قۇلىقىغا يېتىپ، — «ئۈچ كۈنلۈككە توشـ
قان ئېرىقسىمۇ چىداپتۇ» دېگەندەك يەتتەـ
سەككىز يىل ئوقۇتتۇق، ئىككى - ئۈچ يىلمۇ
ھېچگەپ ئەمەس.

— ئوقۇساڭ مۇئەللىملىكتە ئوقۇ بالام، —
دېدى ئانام بېشىمنى سىلاپ، — ئۇكىلىرىڭـ
نى مەكتەپكە بەدەل پۇلى، ئۇ پۇل، بۇ پۇل
دېگەنلەرنى تۆلەپ يۈرمەي ئۆزۈڭلا ئوقۇـ
تارسەن.

مانا مۇشۇ گەپتىنلا ئاتا - ئانامنىڭ مېـ
نى ئوقۇتۇپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگىچە لېۋـ
نى چىڭ چىشلەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشـ
قا بولاتتى.

تەييارلىق ئىمتىھان ئاياغلاشتى.

توۋا دەيمەن. بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا بۇ

يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئۈچىنچى ئوقۇغۇچىدىن ئوتتۇز ئىككى نەپىرى قاتناشتۇرۇلۇپ نەتىجىسىگە ئاساسەن رەسمىي ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان ئون ئالتە بالا تاللاپ چىقىلىدۇ دەپ ئېلان قىلىنىۋىدى، ئەمەلىيەتتە ئىمتىھانغا قاتناشقان بالا ئاتمىشتىن ئېشىپ كەتتى. ئاڭلىسام بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىدىن بالىسىنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىشى ئۈچۈن سانھەل قىلىپ كەپتۇ دەيدۇ. ھەي، تۆۋەنگە بېرىلغان سانىنىڭ تېگىنى بېرىپ، تېگىنى ئېلىپ قاپىدىكىن تاڭ ئۇلار؟ بۇ گەپنى تېخىچە چۈشىنەلمىدىم. ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندا ئەڭ تۆۋەن نومۇر ئالىدىغان سىنىپىمىزدىكى ھەسەنمۇ مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئاڭلىشىمچە ئۇنىڭ دادىسى قايسىبىر ئورۇننىڭ كاتىپى بولغاچ ھەسەننىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىشى ئۈچۈن سانھەل قىلىپ كەپتۇ. ھەي، ئەگەر مەن ئاشۇنداق بىلىمسىز ئوقۇغۇچى بولۇپ قالسام دادام سانھەل قىلىپ مېنى ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلالارمىدى؟ تېخى ئۇنىڭ كۆچۈرۈپ ئالاي دەپ مېنىڭ ئىمتىھان قەغىزىمنى تالىشىپ يىرتىۋەتكىنىنى دېمەمسىلەر. باشقىلار قىمىر قىلىپ قويسا بىر مۇنچە پوپوزا قىلىدىغان ھېلىقى بوز كۆز كومىسسىيە خادىمى ھەسەن شۇنچە تېپىرلاپ يۈرسە غىڭ قىلمىدى. بوپتۇ نېمە قىلسا قىلمامدۇ، بۇ چۈشىنىكسىز ئىشلارغا كاللامنى ئۇپراتقىچە ئىشىمنى قىلاي.

تەييارلىق ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى ئونبەش كۈنگىچە ئېلان قىلىنمىدى. شۇمەزگىلدە مەكتەپكە ئىلگىرى بىز كۆرۈپ باقمىغان ھەر خىل پىكاپلار ۋە ئادەملەر پەيدا بولۇپ تۇردى. بەلكى رەسمىي ئىمتىھان ئېلىشقا تەييارلىق قىلغىلى كەلگەن رەھبەرلەر بولسا كېرەك.

شۇ ئارىلىقتا يەنە ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ بۇ يىل مەكتەپ پۈتتۈرگەن بىر يۈز يىگىرمىدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى. ئىزچىل «ئۈچتە ياخشى» دېگەن نامنى ساقلاپ مەكتەپكە شان - شەرەپ كەلتۈرگەن ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ كۆكسىگە شەرەپ گۈلى تاقالدى. مەن كەچتە ئۆيگە كەلسەم مەيدەمدىكى گۈلنى كۆرۈپ ھەممەيلەن خۇشال بولۇشتى. ئۆكىلىرىم گۈلنى بىر قېتىمدىن كۆكسىگە تاقاپ باقتى. مەن مىڭ تەستە ئۇلارنىڭ قولىدىن گۈلنى تارتىۋېلىپ تەقدىر قەغەزلەر چاپلانغان تامنىڭ ئەڭ يۇقىرى گىرۋىكىگە ئېسىپ قويدۇم ۋە خېلى بىر ھازاغىچە تەقدىر قەغەزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ قالدىم. يەتتە يىلدا جەمئىي يىگىرمە ئۈچ قېتىم تەقدىرلىنىپتىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە سىنىپ، مەكتەپ، ھەم ناھىيىلىك مائارىپ تارماقلىرى بەرگەن تەقدىرنامىلەر بار، بۇلارنىڭ كۆپى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجە ئەلۋەتتە.

ئەتىسى مەكتەپكە كەلسەم شۇنچە ئەتىگەن بولۇشىغا قارىماي مەكتەپ قورۇسىغا ئادەملەر تولۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇغۇچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە يەنە مەن بىلمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. ئۇچۇرغا ئەڭ دىققەت قىلىدىغان ئۇششاق تىجارەتچىلەر مەكتەپكە مۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ يىغىلىشىدىن بۇرۇنلا خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، يايمىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ سودا باشلاشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. مەن ئادەملەر ئەڭ كۆپ يىغىلغان جايغا — مەكتەپ ئىلمىي بۆلۈم ئىشـ

خانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى چۈشەندىم. تەييارلىق ئىمتىھانىغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى چوڭ خەت بىلەن يېزىلىپ تامغا يېپىشتۇرۇلۇپ قويۇلغان بولۇپ، كىشىلەر قايسى ئوقۇغۇچىنىڭ، كىمنىڭ بالىسىنىڭ پەللەمپەيدىن بۇ بىشارەت خاراكتېرلىك باسقۇچىدىن خەتەرسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھەدەپ تىزىملىك يېپىشتۇرۇلغان تام تەرەپكە قىستىلىشاتتى... ئەسلىدە رەسمىي ئىمتىھانغا تاللىنىدىغانلار ئون ئالتە نەپەر دەپ ئېلان قىلىنغانىدى. ھازىر تىزىملىكتە يىگىرمە تۆت نەپەر دەپ يېزىلىپتۇ. مەن بىرباشتىن ئوقۇشقا باشلىدىم، ھوي! ئون ئوقۇغۇچىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ بولدۇم، تېخىچە مېنىڭ ئىسمىم كۆرۈنمەيدىيا؟ توختا ئاخىرىغىچە ئوقۇپ باقاي. لېكىن يىگىرمە تۆتىنچى ئوقۇغۇچىنىڭ، يەنى ھېلىقى ھەسەننىڭ ئىسمىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. مېنىڭ ئىسمىم تۆگۈل ئۇنىڭ سايىسىمۇ يوق! قاراڭلار بۇ ئىشنى، ھەي ئېست!

مەن تېڭىرقاپ تۇرغانىدا بىر قول دولامەدىن ئاستا تارتتى. قارىسام سانىيە مۇئەللىم ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا كىردۇق. مۇئەللىممۇ، مەنمۇ خېلى چاغلارغىچە ئۈنسىز ئولتۇردۇق، مۇئەللىمنىڭ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشىدىن قارىغاندا ئۇنىڭمۇ ئىچى سىقىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسەن دېيىش تۈگۈل شۇنىڭغا مايىلراق بىرەر گەپ قىلىشنىمۇ ئەپسىز كۆرگەن بولسا كېرەك، مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتكەندەك لام-جىم دېمەي ئولتۇردى. مېنىڭ ئىمتىھاننى ياخشى بېرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەنچ قىلالايدىغان ئۆزۈمدىن باشقا ئىككىنچى ئادەم شۇ. چۈنكى ئۇ ماڭا ئۈچ يىل، ساق ئۈچ يىل ئىلىم بەردى، ئىلىم بېرىپلا قالماي ئەقىل ئۆگەتتى. مېنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئۇ ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر دەرس بەرگۈچى مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگىنى ئىمتىھاندا ھېساب بولسىلا مېنىڭ ھەرگىز خاتا يازمايدىغانلىقىمغا ئىشىنىدۇ. توۋا، بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىك مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ رەسۋاچىلىقتەك بىلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى يەتتە يىلدا پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق ئىمتىھانلارنى قوشۇپ ھېسابلىساق ھەر يىلى يەتتە قېتىمدىن جەمئىي قىرىق توققۇز قېتىملىق ئىمتىھانغا قاتنىشىپ بىرەر قېتىممۇ ئۆتەلمەي قالمىغان ئادەم رەسمىي ئىمتىھان ئۇياقتا تۇرسۇن مۇشۇ تاللاش ئىمتىھانىدا رەسۋا بولغىنىمنى قارىما مەسىلەر، ھەي ئېست!

— تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمسەن؟

— مەيلى.

— ئۆيۈڭدىكىلەر نېمە دەر؟

— تاڭ.

— يۈر.

مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ شۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئېغىز گەپ قىلىشمايلا بىزنىڭ ئۆيگە كەلسەك ئاتا-ئانام ئېتىزلىقتىن كىرىپ تۇرغانىكەن، مۇئەللىمگە داستىخان سېلىپ چاي قۇيدى.

— قېنى، چايغا باقسىلا.

— مېنىڭ ھەر قايسىلىرىغا بىر تەكلىپىم بار ئىدى.

— قېنى.

— بالىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتساق...

— نېمە سەۋەبتىن؟!-دادامنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— راست گەپنى قىلساق... ھە...

— نېمە بوپتۇ؟

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى.

— نېمە؟! ئۆتەلمىدى؟ — دادامنىڭ ئاۋازىنىڭ مۇنداق قوپال چىققانلىقىنى ئون ئۈچ ياشقا كىرگىچە پەقەت بۈگۈنلا ئاڭلىدىم. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بىر تامنى پۈتۈن ئالغان تەقدىر قەغەزلىرىنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى:

— بۇ نېمە؟! مانا بۇ «ئەلاچى»، «ئۈچتە ياخشى»، «ئىلغار ئوقۇغۇچى» ۋاھاكازا دېگەنلەرنى بىرىپ، مەيدىسىگە گۈل تاقاپ ھەدەپ ماختىغىنىڭلار قېنى؟ تېخى خەلقىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق ياخشى بالا تەربىيىلەپ بەرگىنىڭلارغا رەھمەت دېگىنىڭلار قېنى؟ ھەممىڭلار يالغانچى!

— بۇ ئىشلار ئوڭلىنىدۇ.

— ئوڭلىنىدۇ؟ قاچان ئوڭلىنىدۇ؟! مېنىڭ پۈتۈمدىن ماغدۇر كېتىپ ئالتە بالامكە تەمەنگە قالغاندا ئوڭلىنامدۇ؟

— بالىنى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتايلى، بولمىسا بىر تالانت ئىگىسىنى نابۇت قىلىۋېتىمىز.

— ئوقۇت؟! — مەن ھازىرغىچە ئوقۇتتۇم، ھەممىگە چىداپ كانىيىمدىن گۆش تاتلىقى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ئانىسغا چىت ئىشتان ئېلىپ بېرەلمىگەن، ئۆزۈمگە شاپاق دوپپا ئېلىپ كىيەلمىگەن پۇلغىمۇ دەپتەر، قەلەم ئېلىپ بېرىپ ئوقۇتتۇم. سىلە بايا دېدىلە، قاسىم كاززاپنىڭ بالىسى ئىمتىھاندىن ئۆتتى دەپ، ئۇنى مەكتەپكە ئاپىرالماي ئىككى مۇئەللىم ھەر كۈنى دېگۈدەك كەينىدىن سۆكۈلداپ يۈرەتتىڭلارغۇ؟ قىسقىسى قاسىم كاززاپ كادىر بولغانلىقى، يانچۇقى توم بولغانلىقى ئۈچۈن بالىسى ئىمتىھان — پىمتىھان دېگەنلەردىن ھېچيەرگە پۈتلاشماي ئۆتۈپ كەتتى. مەن دېھقان بولغانلىقىم ئۈچۈن مانا بۇ ئۆتەلمىدى، شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق يەڭ سودىسى قىلىپ يۈرگىچە ئىمتىھاننى ئاتا — ئانىسىدىن ئالمىز دېسەڭلار، بولمامدۇ تايىنلىق.

— مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنسىلە.

— ياپتا گەپكە ماقۇل دەۋېرىدىغان ئادەم ئەمەسمەن، بولدى! ئوقۇتمايمەن دېدىم، ئوقۇتمايمەن، خوش!

مۇئەللىم بىرەر گەپ قىلماقچى بولغانىدەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدىيۇ، بىراق ئاچچىقىدىن تال — تال بولۇپ كېتىۋاتقان دادامغا قاراپ يالتايدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

— خوش، ئاكا!

— توختىسىلا! — دادام چاچراپ بېرىپ تەقدىرنامىلارنى ۋارتىلدىتىپ يىرتىپ ۋە يەتتە يىللىق مەكتەپ ھاياتىمدىكى بۇ شان-شەرەپ شاھىتلىرىنى پۇرلاپ غەزەپ بىلەن مۇئەللىمگە قارىتىپ ئاتتى، — مانا بۇ ياغلىما گەپلەرنىمۇ ئالغاچ كەتسىلە!

— ھەي ئېسىت!

ھازىر مېنىڭ گەپ قىلغۇدەك ماجالىم يوق، سۆز قىستۇرسام ئېغىزىمغا كاچات يېپىشىم ئېنىق. شۇنداق قىلىپ مۇئەللىم كەتتى، مېنىڭ يۈرىكىم ئازابلىنىدۇ...

تۈنۈگۈن دادام مېنى دېھقانچىلىق دورىسى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يېزا مەركىزىگە ئەۋەتتى. چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ئېشەكنى مېڭىشىغا قويۇۋېتىپ ئۆتكەن ئىشلار، قىسقىسى مەكتەپتە ئۆتكەن ھاياتىمنى خىيال قىلىپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا ئارقا تەرەپتىن كەلگەن بىر موتىسىكلىت ئېشەك ھارۋامغا سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. موتسىكلىتنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان بالا ماڭا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى. مەن ئۈركۈپ كەتكەن

(ئاخىرى 92 — بەتتە)

مۇساجان قاۋۇل

# دۆيچاڭنىڭ يېڭى «تەرجىمىھالى»

( ھېكايە )

مەن بۇ چەت، خىلۋەت يېزىنىڭ بىر چېتـ
كىسىگە جايلاشقان جۇمە مەسچىتىگە كىرىپلا،
مۇنبەردە تۇرۇپ پۈتـۈن ۋۇجـۇدى بىلەن
خۇتبە ئوقۇۋاتقان ئـۇزۇن قارا ساقاللىق
ياش ئىمامنى كۆرۈپ، باشتا ئـۆز كۆزۈمگە
ئىشەنمەي ھەيران قالدىم. كـېيىن كۆزلىـ
رىمنى يوغان ئېچىپ سىنچىلاپ قارىۋېدىم،
ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل، سېمىز رەڭ كەلـ
گەن ۋە ياشلىقىغا قارىماي قويۇق قارا ساـ
قىلىنى قويۇپ بەرگەن قىرىق بەش ياشلار
ئەتراپىدىكى بۇ ئادەم ماڭا غەلىتە كۆرۈنۈشكە
باشلىدى. شۇ تاپتا ئۆزۈم مەسچىت ئىچىدە،
قۇلىقىم بۇ ئادەم ئوقۇۋاتقان خۇتبىدە بولـ
سىمۇ، بىراق پىكىر كەپتەرلىرىم ئاللىقاـ
چان بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى
يېزىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن بەزىبىر ئىشلار
ئۈستىدە پەرۋاز قىلماقتا ئىدى:

ئاشۇ ئەللىق قۇياش نۇرى توسۇلۇپ ئەتـ
راپنى جۇدۇنلۇق قارا بۇلۇتلار قاپلىغان بالاـ
يىئاپەتلىك يىللارنىڭ بىرىدە، يۇرتىمىزدىكى
«ئۇچار ئوغرى» دەپ نام ئالغان قاسىم
توساتتىنلا دۆيىمىزنىڭ دۆيچاڭى بولۇپ
قالدى، بۇ خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ۋەھشى
ئاچ بۆرىنى بىر توپ ياۋاش، مەسۇم پاـ
دىلارنىڭ قورۇقدىغۇچىسى قىلىپ قويغان بىـ
لەن باراۋەر ئىدى. قاسىم دۆيچاڭ بولغانـ
دىن كېيىن، شۇ كۈنلەردىكى ھەر خىل ھەرىـ
كەت، ھەر خىل پائالىيەتلەرگە تەشەببۇسـ
كارلىق بىلەن قاتنىشىپ، تارىختا مىسلى كۆـ
رۈلمىگەن «مەشھۇر ئىنقىلاب» نىڭ «شانـ
لىق غەلىبىسى» ئۈچۈن زور «خىزمەت كۆرـ
سەتكەن»، «ئاتاقلىق سەركەردە» لەرنىڭ
بىرى بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ دۆيىدىكى
بارلىق ئەزالارنى ماخۇغا يىغىپ يىغىن
ئاچتى. باشتا ئۇ نۆۋەتتىكى ئىشلار توغرۇـ
لۇق توختالغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا ھەمـ
مەيلەنگە قاراپ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— ماۋۇ قېرىلار ئاڭلاپ تۇرۇش، ھازىرقى
دەۋر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، بۇ دەۋر كوـ
نىلىقنى يوقىتىپ، يېڭىلىق يارىتىش دەۋرى،
شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىڭ ئەتە سەھەردە
دولقۇنغا چىقىدىغان چاغقىچە ساقال-بۇرۇـ
تۇڭنىڭ بىرىنى قويماي ئالدۇرۇۋېتىش، بۇـ
نىڭغا ھەر قانداق باھانە ـ سەۋەب كۆرسىـ
تىشكە رۇخسەت يوق، ئەگەر چاچ قويدۇرۇشـ
ساڭ رۇخسەت! ـ دېدى.

شۇئان كۆپچىلىك ئارىسىدا ئـۆز ئاراـ
تەشۋىشلىك قاراشلار ۋە پەس ئاۋازدا پىـ
چىرلاشلار پەيدا بولدى. لېكىن كىممۇ ئۇـ
نىڭغا بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالىسۇن؟

— دۆيچاڭ، ـ دېدى بىر چاغدا ئاپئاق
ساقاللىق ھاشىم ئاكا (بۇ ئادەم «ئىنقىلاب»ـ
تىن ئىلگىرى مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى

ئىدى). — ھازىر سىلە كونىلىقنى يوقىتىپ، يېڭىلىق يارىتىمىز دېيىشمۇ؟

— قۇلىقىڭ پاڭ بولۇپ قالغانمۇ؟ تېخى ھازىرلا شۇنداق دېدىمىغمۇ؟ — دېدى قاسىم كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ.

— ساقال - بۇرۇت قويغانلىق كونىلىق، چاچ قويغانلىق يېڭىلىقمۇ؟

— ھەئە، دەل شۇنداق.

— بۇ گەپلىرى تازا قاملاشمىدى دۇيجاڭ...

ھاشىم ئاكىنىڭ سۆزى تۆگە - تۆگمەيلا قاسىمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى، روشەنكى ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەنتى. ئۇ شۇتاپىنىڭ ئۆزىدىلا يېنىدا قول باغلاپ تۇرغان ئىككى چاپارمەنگە ھاشىم ئاكىنى چەمبەرچەس باغلاتقۇزۇپ قاتتىق «ئەدەبلەپ» قويغۇزغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاپ باققۇسى كېلىپ:

— سەۋەب؟ — دەپ سورىدى.

— چۈنكى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ھاشىم ئاكا ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — چاچ دېگەن ئىنسان بۇ دۇنياغا تۆرەلگىشى بىلەنلا چىقىدۇ، ئەمما ساقال - بۇرۇت بولسا ئادەم بالاغەتكە يەتكەندە، يەنى ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلارغا كىرگەندە ئاندىن چىقىدۇ، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، چاچ، ساقال - بۇرۇتقا قارىغاندا ئون يەتتە - ئون سەككىز يىل كونا دېگەن گەپ. بۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ ساقال - بۇرۇتنى كونىلىق، چاچ قويۇشنى يېڭىلىق دېگىلى بولسۇن؟

— ئاغزىڭنى يۇم جىن - شەيتان، — دەپ سەت ۋارقىراپ كەتتى قاسىم، — سەن ئەسلىدىمۇ كىشىلەرگە كونىلىقنى تەرغىپ قىلغۇچى داشقال ئىدىڭ، مانا ھازىرمۇ شۇ تەلۋىلىكىڭ بىلەن ھۆكۈمەتكە، ماڭا قارشى چىقىۋاتىسەن، ئەمدى قاراپ تۇر، سەن پىتنىخورغا ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىر تونۇتۇپ قويمايدىغان بولسام...

ئۇ، شۇنداق دېدى - دە، يېنىدىكى ئىككى چاپارمەنگە بۇيرۇق قىلدى:

— باغلا بۇ مەلئۇننى!

لېكىن باشقا چاغلاردا بولسا، بۆكىنى ئېلىپ كەل دېسە، كاللىسىنى ئېلىپ كېلىدىغان بۇ ئىككى چاپارمەن ھازىر خۇددى لەگپۇدەك لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇلار پۈتكۈل ئەزالارنىڭ ھاشىم ئاكىدىن ئىبارەت توغرا سۆزلۈك، پاك - دىيانەتلىك ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك بۇ ئادەمنى ئۆز ئاتا - ئانىسىدىنمۇ چاغراق كۆرىدىغانلىقىنى بىلىشەتتى، قاتتىق جىلە بولۇپ كەتكەن قاسىم بۇ ئىككى چاپارمەننى تەكرار، ئەڭ قەبىھ سۆزلەر بىلەن تىللاپ بۇيرۇق قىلدى. لېكىن ئۇلار گويا باشلىقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇۋەرگەچكە، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى ۋە ئىشىكپىلا يەردە تۇرغان بىر چالمىنى قولىغا ئالغىنىچە ئۇ ئىككىسىنى سۆرگەن پېتى ماخۇدىن قوغلاپ چىقاردى، ئاندىن يان تەرەپتىكى ئات ئېغىلىغا كىرىپ، يوغان ئارقاندىن بىرنى ئېلىپ چىقتى - دە، ھاشىم ئاكىنى باغلاش ئۈچۈن ئالدىغا دۈۋەيلەپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ دىدارىدا ئادەم تەلەتى قالمىغان، بەئەينى ۋەھشى ياۋايىلارنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇ كەلگەن پېتى گەپ - سۆز قىلمايلا ئارقاننى ھاشىم ئاكىنىڭ بوينىغا سالدى. شۇ ئان كۆپچىلىك ئارىسىدا قاتتىق غۇلغۇلا پەيدا بولدى، نۇرغۇنلىغان غەزەپلىك كۆزلەر ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى، لېكىن قاسىم يەنىلا ھاشىم ئاكىنى باغلاش بىلەن مەشغۇل. ئۇ تېخى ئەمدىلا ھاشىم ئاكىنىڭ قولىنى قايرىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە توپ ئىچىدىن

ئېتىلىپ چىققان ئون نەچچە ياش يىگىت قاسىمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە سۆرلۈك قىياپەتتە:

— ھاشىم ئاكىدا گۇناھ يوق، ئۇنى قويۇۋەت، باغلىماسەن، ئۇرماسەن، ئۆلتۈرمەسەن، نېمە قىلساڭ مانا بىزنى قىل،-دېدى.

ئەزالار ئارىسىدىمۇ بۇ خىل گەپلەر پۈتكۈل ماخۇنى بىر ئالدى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن قاسىمنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى ۋە ھاشىم ئاكىنىڭ مۈرىسىدە تۇرغان قولى دىرىلدەپ تىترەشكە باشلىدى، ئەگەر بىر-ئىككى ئادەم شۇنداق دېگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلغان بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەزالارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ-دە، ئەلۋەتتە. ئۇ بۇ «ھايۋان» (ئۇ دائىم دېھقانلارنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) لارنىڭ غەزەپ-نەپرەتكە تولغان روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ بىر ئاز تەمتىرەپ قالدى ۋە دەررۇ بىر ئامال تاپمىغاندا ئۆزىگە پايدىسىز ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن بولسا كېرەك ئەتىمالىم، شۇ ھامان ھاشىم ئاكىنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، ئارقانىنى يەرگە تاشلاپ، چىرايىغا بىردىنلا كۈلكە يۈگۈرتۈپ:

— ساداقەتمەنلىكىڭلارجايىدا يولداشلار، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن قاراپ تۇرۇپ ھاشىم ئاكىدەك پەرىشتە سۈپەت ئادەمنى باغلاشقا قولۇم بارامدۇ؟ مەن سىلەرنى ھاشىم ئاكىنى بەك ھۆرمەتلەيدىكەن، قېنى بېشىغا كۈن چۈشكەندە شۇنداق قىلالامدۇ يوق دەپ سىناپ باقتىم.

كۆپچىلىك قاتتىق نەپرەتلەنگەن ھالدا جىمجىت تۇرۇشاتتى، قاسىم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،- ئەمدى ئۆز كېپىمىزگە كەلسەك، ھەممىڭلار بىر-ئىككى ئايدىن بۇيان دەم ئالماي ئىشلەپ، قاتتىق ھېرىپ-چارچاپ كەتتىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتە بىر كۈن دەم ئېلىۋېلىڭلار، يەنە باشقا گەپ-سۆز بولمىسا قايتساڭلار بولىدۇ.

دېھقانلارنىڭ قاسىمغا دەيدىغان قانداق گەپ-سۆزلىرى بولسۇن؟ ئۇلار پەقەت ئۇۋالچىلىققا — ناھەق ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە ئۆز ئارا بىر-بىرىگە قايناپ سۆزلەپ كېتىشىدۇ، ئەمما سەل-پەللا ئەركىنلىككە چىقسا بۇرۇنقى كۈنلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشىدۇ، شۇڭا ئۇلار كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئىشلارغا ھەم غەزەپلەنگەن ھەم ھەيران بولغان ھالدا گەپ-سۆز قىلماي ئۆيلىرىگە قاراپ مېڭىشتى.

بىز تېخى ئەمدى بۇ ئىشلار سەۋەبىدىن قاسىم دۈيجاڭ ھاشىم ئاكىغا قايتا زورلۇق قىلمايدىغۇ دەپ ئويلاپتۇق، نەدىكىنى، ئۇ ئىچىدە ھاشىم ئاكىغا ۋە كۆپچىلىككە قاتتىق ئۆچمەنلىك ساقلاپ، پەقەت پۇرسەت كۈتۈپلا يۈرگەنىكەن.

جۇدۇنلۇق قىش پەسلى ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئىللىق باھار ئايلىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ، خۇددى ئەتىگەنىنىڭ ئۆتكۈنچى سوغۇقلىرىدەك، ئادەمنىڭ تېنىنى جۇغۇلدىتىدىغان قاتتىق سوغۇق باشلىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە دادۈي رەھبەرلىكى پۈتكۈل ئەزالارنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۆتىنچى ئەترەتنىڭ چاتقاللىقتىكى ئېگىز دۆڭلىكىنى سالالاشتۇرۇشقا كىرىشكەنىدى، ئۇ چاغدىكى ئىشلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېكەنلىكىنى ئېيتمايلا قويايلى، ئىشقىلىپ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچ بولا-بولمايلا پۈتكۈل دادۈي تەۋەسىدىكى توققۇز ئەترەت، توققۇز كانايدىن تەڭلا ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى، بۇ چاغدا ئالمان-تالمان ئورنىدىن تۇرغان دېھقانلار يۈز-كۆزلىرىنى چالا-بۇلا

يۈيۈپلا ئىش ئورنىغا قاراپ چاپاتتى، ئەگەر ئىش ئورنىغا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمىسە ياكى بىرىلگەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىسا، ئۇ ئادەم قاتتىق تىل-ھاقارەت، دەشنام ئىشتىكەننىڭ سىرتىدا، يەنە جەرىمانە ھېسابىدا شۇ بىر كۈنلۈك قىلغان ئەمگىكى بىكار قىلىناتتى، بۇ — قاسىم ئورناتقان بىر يۈرۈش تۈزۈملەردىن ئىدى. گۈيىخۇا باشلىنىپ ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەن بىر كەچقۇرۇنلۇقى ھاشىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە قوشنا يېزىدىكى بۇرادىرىنىڭ ئوغلى كىرىپ يىغلامسىرىغان ھالدا، دادىسىنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئەتە-ئەتىگەندە دەپنە ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ھاشىم ئاكا باشتا ئۇ يەرگە چىقماسلىق نىيىتىگە كەلدى، لېكىن ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىپ كەلگەن ئىناق دوستلۇق رىشتى ئۇنىڭ بۇ قارىشىغا يول قويمىدى. ئەگەر قاسىمنىڭ ئالدىغا بارسا رۇخسەت بەرمەسلىكى تۇرغانلا گەپ ئىدى، شۇڭا ئۇ دادۋي سېكرىتارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، تەلىيىگە يارىشا يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت بەردى.

ئەتىسى سەھەردە كىشىلەر ئىشقا ماڭار ۋاقىتتا ئورنىدىن تۇرغان ھاشىم ئاكا ناماز بامداتنى ئوقۇۋېلىپ ئاندىن مېڭىش ئۈچۈن تاھارەت ئالدى ۋە جاينامازنى سېلىپ ئەمدىلا ئىككىرىكەت سۈننەتنى ئوقۇپ بولۇپ پەرزىگە تۇرغاندا، تۇساتتىنلا قاسىم ئۆيىگە كىرىپ قالدى، ئەسلىدە كانايدا توۋلاپ قويۇپلا ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلگەن قاسىم كۈندىكى ئادىتى بويىچە بىر-بىرلەپ سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ھاشىم ئاكىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنى ئوبدان پۇرسەت دەپ قاراپ، ئۇدۇل ھاشىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدى.

ئۇ گەپ-سۆز قىلماستىن سۇپىغا چىقىپ ھاشىم ئاكىنىڭ بېلىدىن تۇتقان پېتى، كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلىدى، ئاندىن ئۆزىمۇ يەرگە چۈشۈپ ئىنجىقلاپ ياتقان ھاشىم ئاكىغا تىل-ھاقارەت، مۇشت-پەشۋالارنى ياغدۇرۇۋەتتى.

بۇ چاغدا ياندىكى ئۆيدە، ھاشىم ئاكىنىڭ ئاقىرىپ بەئەينى ئەسكى لاتىدەك بولۇپ كەتكەن مەيسىسىگە قارا گۈل سۈرتىۋاتقان ھاۋاخان ئاچا تۇيۇقسىز، ئەلەملىك ئىڭرىغان، قەبىھ سۆزلەر بىلەن تىللانغان، ۋەھشىلەرچە ئۇرۇلغان مۇشت-پەشۋالارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، يولدىشى نامازنى ئوقۇۋاتقان ئۆيگە كىرىپلا داد-پەرياد كۆتەرگەن پېتى ھاشىم ئاكىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى، لېكىن ھاشىم ئاكا خۇددى جانسىز جەسەتتەك مىدىر-سىدىر قىلماي جىمجىت ياتاتتى، ھاشىم ئاكىنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرگەن قاسىمدا قىلچىلىكمۇ ئىچ ئاغرىتىش ئالامىتى كۆرۈلمىدى. بەلكى، ئەمدى ئەتىمنى ئالدىم دېگەندەك قىلىپ سەت ھىجايدى ۋە:

— سەنلەر بىلەن تېخى تاڭ ئاتقاندىن كېيىن يەنە ھېسابلىشىمەن، — دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى...

ھاۋاخان ئاچىنىڭ پىغانلىق نالە-زارى پۈتكۈل مەھەللىنى بىسىر ئالدى، لېكىن ھەدېسە ھۇ دەپ چىقالايدىغان ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى گۈيخۇا مەيدانىغا كەتكەن بولۇپ، پەقەت بۇ ئۆيگە ئىككى-ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىلا كىرگەنىدى. ئۇلار ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كېتىشتى ۋە دەررۇ ھاشىم ئاكىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا تەرەددۇت قىلىشتى... بۇكەنت بىلەن دوختۇرخانىنىڭ ئارىلىقى ئۇن نەچچە

كىلومېتىر كېلەتتى، ھاشىم ئاكا تېخىچە ھوشسىز بولۇپ، ھاۋاخان ئاچىنىڭ يىغىسىمۇ يولبويى توختىماي كەلدى. ئۇلار دوختۇرخانىغا يېقىن كەلگەندە ئالدى تەرەپتىن يەتتە ـ سەككىز كىچىك ئاپتوبۇس ۋە جىپ ماشىنىلار كېلىپ قالدى. بۇ چاغ دەل «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يېڭىدىن تارمار قىلىنىپ، ۋەزىيەت ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىۋاتقان بىر چاغ بولۇپ، ماشىنىدىكىلەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلاردىن ئون نەچچە ئادەم خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىققانىدى. ئۇلارنى كۆرگەن ھاۋاخان ئاچا يىغلىغان پېتى كېلىپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى...

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، قاسىم قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقى بويىچە قولغا ئېلىندى ۋە ئۇنىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاشقا مەسئۇل بولغان ئىككى نەپەر كادىر، ساقچى مەھەللىمىزگە چىقىپ ئەھۋال ئىگىلەشكە باشلىدى. بۇ چاغدا پۈتكۈل مەھەللە تەۋرەپ كەتكەن بولۇپ، قايسىبىر دېھقان قاسىمنىڭ ئۆزىنى نەچچە قېتىم ئۇرۇپ باش ـ كۆزىنى قانغا بويىۋەتكەنلىكىنى ئېيتسا، قايسىبىر دېھقان مەھەللە خوتۇن ـ قىزلىرىنى قانداق ۋە قايسى ئۇسۇلدا دەپسەندە قىلغانلىقىنى سۆزلەيتتى. دېمىسىمۇ ئۇ دۈيجاڭلىق قىلغان ئۈچ ـ تۆت يىل مابەينىدە بۇ كەنتتىكى دېھقانلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەي ئۆزى بىلگىنىچە خورلاپ كەلگەنىدى.

بىر ھەپتىلىك ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ساقچىلار سومكىلىرىنى ئاممىنىڭ قاسىم ئۈستىدىن پاش قىلغان ماتېرىياللار بىلەن تولدۇرۇپ كىرىپ كېتىشتى ۋەئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە قانۇن ئورگانلىرى قايتىدىن يېزىغا چىقىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قاسىمغا مۇددەتلىك ئون تۆت يىللىق قاماقجازاسى ھۆكۈم قىلىپ، ئۇنىڭ كوللېكتىپتىن خىيانەت قىلغان توققۇز مىڭ يەتتە يۈز يىگىرمە ئۈچ يۈەن قىممەتلىكى پۇل ـ مېلىغا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆي ـ بىساتلىرى مۇسادىرە قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ چاغدا قاسىمنىڭ توي قىلغىنىغا ئەمدىلا ئۈچ يىل بولغان ئايالى كېلىپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىۋېدى، سوتچىلار ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. سوتچى سۆزلەۋاتقاندا ماشىنا ئۈستىدە تۇرغان قاسىمنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا سەپسالدىم: ئۇنىڭ قوللىرى ئارقىسىغا قىلىپ باغلانغان، بەللىرى خۇددى دۈمچەكتەك ئېگىلگەن بولۇپ، بەئەينى موللا مۈشۈكنىڭ ئۆزىلا بوپقالغانىدى. ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ماشىنىلار مەيداندىن ئايرىلىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا قاسىم قاپاقتەك ساڭگىلاپ كەتكەن بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ، مەيداندىكىلەرگە ياشاڭغۇراپ تۇرغان نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن بىر قۇر نەزەر تاشلاپ، يەنە يەرگە قاراۋالدى. ئۇزاق ئۆتمۈش توغرىسىدا سۈرۈۋاتقان خىيالىم شۇ يەرگە كەلگەندە، ئارىدىن ئون تۆت يىل ئۆتۈپ، ئۇنىڭ تۈرمە ھاياتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ ئۇ بۇ يەرگە زادىلا قايتىپ كەلمىدى، ھېچكىممۇ ئۇنى بۇ يەردە كۆرگەنلىكىنى ئېيتمىدى، ئۇنىڭ نە ئۆلۈك، نە تىرىكلىكىمۇ مەلۇم ئەمەس ئىدى...

بۇ چاغدا ئىمام بىرىنچى خۇتبىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇنبەردە ئولتۇردى ۋە قىسقىغىنا بىر دۇئا قىلغاندىن كېيىن، يەنە ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىككىنچى خۇتبىنى باشلىدى.

«دەل ئۆزى شۇ» — دېدىمەن ئىچىمدە، ئاردىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەققى-تۇرقى، چىراي شەكلى زادىلا ئۆزگەرمەپتۇ، لېكىن دائىم ئۇچىسىدىن چۈشمەيدىغان ھەربىيچە سېرىق شەپكە، ئىشتان، چاپان، چۇخەيلەرنىڭ ئورنىغا كۆلا بىلەن يوغان سەللە، ئاق، قىزىل يوللۇق بەقسەم تون ۋە مەيسە — كالاچ ئالمىشىپتۇ، دائىم ھاراقنىڭ قاڭسىق ھىدى بىلەن ئەڭ قەبىھ سۆزلەر چىقىدىغان ئاغزىدا بولسا «ئاللا» نىڭ ئىسمى بىلەن كالامى شېرىپ.

مەن قاسىمنى بۇ ھالەتتە ئۇچرىتارمەن دەپ ئەسلا ئويلىمىغانىدىم. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ بۇ سىياقىنى كۆرۈپ زادىلا ئولتۇرالماي قالدىم ۋە دەس ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىككە بۇ ئىمامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلىماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن بۇنداق قىلىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولۇپ، ئەگەر ھەق-ناھەق ئاستىن-ئۈستىن بولۇپ كەتسە، ئۆزۈمگە چوڭراق بىر ئىش تېرىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى نادان، بىلىمسىز كىشىلەر.

— بۇ ياش ئىمام كىم بولىدۇ؟ ئۆزى قەيەرلىك؟ — دەپ سورىدىمەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ سىرتقا چىققاندىن كېيىن شۇ يەرلىك بىر ئادەمدىن.

— ئۇ بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ تىگى-تەكتى مۇشۇ يەرلىك بولۇپ، ئىسمى قاسىم ھاجىم، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئۇ ئادەم، — ئۇنىڭ بوۋىسى ئەسلىدە يۇرتىمىزدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇندىن يەتمىش نەچچە يىللار ئىلگىرىكى زاماندا پۈتكۈل ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ھەرەمگە كەتكەن، ئۇلار ھەج قىلىپ بولۇپ، مەلۇم بىر يۇرتقا كەلگەندە، ئۇ يەرلىك خەلق داموللامنىڭ ھەيرانقالارلىق بىلىم-ئىقتىدارىنى كۆرۈپ، داموللامدىن ئۆزلىرىگە باشپاناھ بولۇپ، توغرا يولغا باشلاشنى تىلەپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇپتۇ، داموللام باشتا ئۇلارنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قاتتىق يىغا-زارە قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئىلاجىسىز بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قاپتۇ ۋە كىشىلەرنى ئەدلۇ-ئادالەت، ئىنساپ-دىيانەتكە باشلاپ مېڭىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە توساتتىنلا پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە ھىجرەت قىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۆمىنلەرنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىشقا دەۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغلىغا بىزنىڭ ھازىرقى ئىمامىمىز — بۇزرۇكۋارىمىزغا ۋەسىيەت قىلىپ: ئۆزلىرىنىڭ بۇ يۇرتقا مۇساپىر ئىكەنلىكىنى، ئەسلى يۇرتىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن ۋە ئاخىردا ئۇنىڭغا ئەسلى يۇرتىغا — بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزغا بېرىشنى تاپىلىغانىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇزرۇكۋارىمىز ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىدە قويۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، بۇندىن ئۈچ-تۆت يىل ئىلگىرى بۇ يەرگە قايتىپ كەلگەن.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۆي-زېمىن، خوتۇن، بالا-چاقىلىرىمۇ بارمىكەندە؟ — دېدىمەن قاسىمنىڭ ئارىدا ئىككى-ئۈچ يىل نەدە ۋە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئويلىغاچ.

— بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم، — ئەسلىدە قاسىماجىم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى دىن ھەم شەرىئەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان

AltunOq

بولۇپ تاكى بۇ يەرگە كەلگىچە ئۆيلۈك – ئوچاقلىق بولمىغانىكەن. ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئەھلىيجاماەت مەسلىھەتلىشىپ مەسچىتنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر پارچە بوش يەرگە بىر يۇرۇش ئۆي سېلىپ بەردۇق ھەم مەھەللىمىزدىكى بىر تەقۋادار مۇسۇلماننىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭ ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن بىر قىزىنى نىكاھلاپ بەردۇق.

— ئۇنىڭ تېرىلغۇ يېرى ياكى قىلىدىغان بىرەر ھۈنەر – كەسپىمۇ بارمۇ؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئۇنداق ئادەملەر يەر تېرىيمەن، ھۈنەر – كەسىپ قىلىمەن دەپ يۈرسە ئىلمىنى كىم تەھسىل قىلىدۇ؟ ئۇ پەقەت بىزگە تەبلىغى ئەھكام قىلىپ، نامىزىمىزنى توغرا ھەم ۋاقتى – قارايىدا ئوقۇپ بېرىپ، ھەرۋاق نامىزدا ئىنسابەمىزغا دۇئا قىلىپ، ئاللادىن بىلىپ – بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەپ بەرسىلا بولدى. قەدىمكىلاردا: «كۆپ توكۇرسە كۆل تولار» دېگەن بىر گەپ بار. بىز ھەممىمىز بىر يىللىق قىلغان دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە كەسپىمىزگە كېلىدىغان ئۆشرە – زاكاتلارنى ئايرىپ، يىغىپ بەرسەكلا قاسىماجىمنىڭ ئون يىللىق يېمەك – ئىچمەك خەج – خىراجىتىگە يېتىدۇ، شۇڭا ئۇ بولتۇر ھەممىمىزگە ۋەكالىتەن ھەرەمگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى.

— ئۇنداقتا ئۇ، قاسىماجىم ئىكەن – دە؟

— شۇنداق دېسىمۇ بولىدۇ...

لېكىن مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى تازا ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم. چۈنكى چىن قەلبىمدىن چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە يالقۇنجاپ چىقىۋاتقان بىر ئوتلۇق ئۈنسىز خىتاب پۈتكۈل پىكىر خىياللىرىمنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

---

(بېشى 85 – بەتتە)

ئېشەكنى مىنىپ تەستە ئەيۋاشقا كەلتۈرۈپ بولۇپ قارىسام، ھېلىقى چوڭ – كىچىك ئىككى ئادەم مىنىۋالغان قىزىل سىرلىق موتسىكلىت ئىككى يۈز مېترچە ئۆزاپ كېتىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇ بالىنى تونۇدۇم، ئۇ ساۋاقدىشىم ھەسەن ئىدى. بەلكى ئۇ رەسمىي ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولسا، دادىسى ئۇنى شەھەرگە — تېخنىكومغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىلى ئېلىپ ماڭغانىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ ئوقۇشنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قالغانلىقىنى، قايتىدىن ئوقۇش پۇرسىتى كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆكۈنۈپ كۆزۈمگە ياش ئالدىم.

ھەي ئېسىت!...

× ×

ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئويلاپ باقسام ھېچ تۈزەتكىدەك ئەمەس. دەرھال پىكرىمنى يېزىپ ئىگىسىگە قايتۇرۇش قارارىغا كەلدىم. بىراق ئاپتور نە ئادرېس، نە ئىسمىنى يازمىغان تۇرسا كىمگە ئەۋەتىمەن؟ ئاخىرى بۇ ھېكايىنى سىلەر كۆرگەن، رىئال تۇرمۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ھېكايىنى ئېلان قىلدىم. ئەگەر ئاپتور ھېكايىنى كۆرۈپ ماڭا ئادرېسىنى ئەۋەتسە ياكى ئۇنى بىلىدىغانلار ماڭا ئۇچۇر بەرسەڭلار ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار.

ھېكايىنى ئوقۇمىغان بولسامۇ بىر گەپ ئىدى. ئوقۇغاندىن كېيىن، يۈرىكىمنى خۇددى مۇشۇك تاتىلىۋالغاندەكلا بىئارام بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

ھەي ئېسىت!

نۇرئىمان ناسىر

# بىر پارچە خەت

(ھېكايە)

يادىكار!

قېرىپ كەتكەن بولسامۇ سىزنى «لاچىن» دەپ ئاتىغان ئاشۇ سادا چاغلىرىم ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدۇ. چۈنكى كۆڭلۈمگە بەكمۇ ياقىدىغان بۇ تەخەللۇسىڭىز ئەينى چاغدىكى ئوتلۇق مۇھەببىتىمىزنىڭ يادنامىسى...

شۇنىمۇ ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي، بۇ بەختلىك ئائىلىمىزدە ئاتا - ئانا مېھرىدىن مەسۇم قەلبىنى ئەللىتىپ، ئۈمىدلىك بوتا كۆزلىرى بىلەن بىزگە بەخت ئاتا قىلغان ئوغلىمىز مۇھەببەتنىڭ، قىزىمىز ساداقەتنىڭ ئارزۇلاپ قويغان ئىسمى ئەنە شۇ مۇھەببىتىمىزگە قويۇلغان سۈپەت ئەمەسمىدى؟!

بىز مۇھەببەت باغلاپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە «بىز جاھاننىڭ ئۇ چېتى، بۇ چېتىدە يۈز يىل ياشىساقمۇ بىر - بىرىمىزگە بولغان ساداقىتىمىز مەڭگۈلۈكتۇر» دېگەن سۆزنى ماڭا قالدۇرغان خېتىڭىزگە ئۆز قەلىمىڭىز بىلەن يېزىپ قويغىنىڭىز ھېلىمۇ ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

يادىكار!

بەلكىم ھازىر ئويلاپمۇ باقمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، يەنە قىرىق كۈندىن كېيىن بىز يېڭى ھايات باشلىغان خاتىرە كۈنىمىز يېتىپ كېلىدۇ. بۇ كۈننىڭ قانچە قېتىمىنى ئۆزۈم يالغۇز خاتىرىلىگىنىمنى ساناپ ئولتۇرمايمەن. ئالدىنقى يىلى بىر قېتىملىق خاتىرە كۈنىمىزدە يەنىلا ئۆزۈم يالغۇز چىراغ تۈۋىدە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇردۇم. ئادىتىم بويىچە بۇ كۈنىمىزگە ئاتاپ يازىدىغان خاتىرەمنىمۇ ئاخىرلاشتۇردۇم. بىراق كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. مەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ دوستۇم ماھىرەگە خەت يازدىم: «قەدىردان دوستۇم، مېنىڭ خۇلقى-مىجەزىم ئېسىل پەزىلەت ئىگىسىگە خاس بولمىسىمۇ، لېكىن ياخشىلارنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بۇ زاماندا ئۇنداق دىيانەت ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىۋېتىشتىن باشقا چارە يوق ئىكەن. مېنى كىممۇ شۇنداق تەربىيىلەپ ئىرادىلىك قىلىپ قويغاندۇ؟ دەپ ئويلىسام، دەل ئەشۇ يادىكار (دوستۇم، تەقدىرداشىم) ئىكەن. راستىنى ئېيتسام، ئېرىم ياخشى يىگىت. غايىمىز، ئارزۇ ئىستەكلىرىمىز بىر - بىرىمىزگە ئورتاق. ئۇنىڭ ھەقىقىي يىگىتلەرگە خاس مىجەزى مېنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان. گەرچە ئۇ تۇرمۇشتا قىزغىن بولمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، بەكمۇ سەمىمىي. مەن ئۇنىڭ قەلبىنى سۈزۈك ياقۇتقا ئوخشىتىمەن. مەن ھاياتىمدا ئۇنىڭ ئاشۇ ئېسىل پەزىلىتىدىن ۋە ياكى بىر ياخشى دوستۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ قورقىمەن.» مېنىڭ دائىم ئويلايدىغىنىم ئەنە شۇلا ئىدى... ئەمدى بىلدىمكى، كېچە - كۈندۈز تەش-

نالىق بىلەن كۆتكەن بۇ گۈزەل تۇرمۇشـ
ـىمىزنى چىغىر يولسىز داۋاملاشتۇرۇشنى ئويـ
ـلىغانلىقىم راستىنلا ھاماقەتلىكتىن باشقا
نەرسە ئەمەسكەن. شۇ قىممەتلىك مىنۇتلارـ
نى مۇنچىلا تېز كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋېتـ
ـىشىڭىزنى خىيال قىلمىغىنىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن.
سەپەردىن كەلگىنىمدىن بۇيان سىز توغرۇـ
لۇق ئاڭلىغان ئەپقاچتى گەپلەر خېلى كۆپ
بولسىمۇ، لېكىن پەقەتلا ماڭا، بىرلا ماڭىلا
تەئەللۇق بولغان پاك جىسمىڭىزنىڭ باشقا
بىر ئايال بىلەن بولغىنىشىغا ئىشەنمىگەنىـ
ـدىم. بۇ ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، بۇ سىز
ئۈچۈن مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىش! سادا-
قەت بابىدا ئۆزىمىزنى ئەڭ يۈكسەك، پەـ
زىلەتلىك دەپسانايدىغان بىزلەرنىڭ ئەندىـ
ـلىكتە سەكسىنىنچى يىللارنىڭ بەزى ئەركىن
ياشلىرىغا ئوخشاپ قېلىشىڭىز مۇمكىنمۇ!؟
بىر بەختلىك ئائىلىنىڭ ئىگىسى ئەمدىلىكتە
ئۆزىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ بەندىسى
قىلىشى مۇمكىنمۇ!؟
يادىكار!
تۇرمۇشىمىزنىڭ بۇ كۈنلەردىكى خۇنۇك
ھالىتى مېنى بەكمۇ ئازابلاۋاتىدۇ، مەن ئۆـ
تۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنۇتۇش
ئۈچۈن شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولـ
ـساممۇ، لېكىن جاراھەتلەنگەن قەلبىم بۇ
ئازابتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايـ
ـدۇ: بولۇپمۇ، مەن سەپەرگە كەتكەن شۇ كۈنـ
ـلەردە ھېلىقى... نىڭ ئۆيىمىزگە كېلىپ مەن
ئارزۇلاپ سېتىۋالغان ئاپئاق كىرلىكىمنى
مەلۇم نىيەتتە ئېلىپچىقىپ كەتكىنى، بۇنى
ئاز دەپ ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن بىرـ
گە بولغانىدا ئوغلىڭىز بىلەن قىزىڭىزنى
سىرتتا كىشىلەرنىڭ ئىشىكىگە تاشلىۋېتىپ
قويغىنىڭىز!... شۇ بىگۇناھ بالىلارنىڭ ئاشۇ
ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم يۈرىكىم
ئېچىشىدۇ...
يادىكار!
ئايالى بار ئەرنىڭ ئۆيىگە ئەيمەنمەسـ
تىن كېلىشكە پېتىنغان بۇ گۈزەلنىڭ ئاـ
شۇ... قىلىقلىرى غۇرۇرىڭىزغا تەگمىگەنمىـ
دۇ! ؟ سىزنى قايسى بىر كۈچ مۇشۇ ھالەتكە
كەلتۈرۈپ قويغاندۇ!؟ بىر بەختلىك ئائىـ
ـلىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان
ئاشۇ «قىز» غا نەپرەتلىنىۋاتىمەن، لېكىن
ياخشى كۆرگىنىڭىزنى ئۆچ كۆرۈپ جېدەل
چىقارمايمەن، چۈنكى سىز ئۇنى ياخشى كۆـ
رۈپ ئۆيىمىزگە ئېلىپ كەلگەن تۇرسىڭىز،
بۇمۇ خۇددى ئەينى چاغدا مېنى ياخشى
كۆرۈپ ئۆيىڭىزگە ئېلىپ بارغانغا ئوخشاشلا...
بىلدىمكى، ئادەم ـ گېزى كەلگەندە ھەمـ
ـمىنى كۆتۈرەلەيدىغان، ھەممە ئىشنى قىلالايـ ١
ـدىغان ئاجايىپ بىر مەخلۇق ئىكەن...
راست، بۇ مەخلۇقنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنـ
ـلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق...
يادىكار!
مەن ئەزەلدىن ئەركىڭىزگە توسالغۇ بوـ
لۇشنى خالىمايمەن، ئەگەردە ئۇنى ياخشى
كۆرۈپ قالسىڭىز بۇنى يوشۇرۇپ ئۆزىڭىزـ
نىمۇ، مېنىمۇ ئازابلىغاندىن كۆرە، چىن سۆـ
زىڭىزنى ئېيتىپ، قالغان ئۆمرىڭىزنى بەختـ
ـلىك ئۆتكۈزسىڭىز بۇنىڭغا قىلچە ئۆكۈنمەيـ
ـمەن. چۈنكى مەنمۇ، ئارزۇقىلغان بەختىمگە
ئېرىشىپ بولدۇم ئەمەسمۇ!... ئاخىرقى ھېـ
ـسابتا كۆڭلىڭىزنى مايىل قىلالمىسام، ئۇنـ
داق بەختىمنى تۇتۇپ قېلىشىمنىڭ نېمە
ئەھمىيىتى؟! ھازىر قەلبىمدە «كۈندەشلىك»
ئوتى لاۋۇلداپ دەھشەتلىك يانغىنغا ئايـ
ـلانغان بولسىمۇ، لېكىن مەنمۇ ئايالـ. بۇ
دۇنيانىڭ قىسمەتلىرىگە نېمىمۇ دېيەلەيتـ
ـتىم! بەزىدە ئۆزۈمنى، باسالماي تەنە سۆزـ
لەر بىلەن كۆڭلىڭىزنى غەش قىلىپ، رەنجىتـ

كەن چاغلىرىممۇ بولدى، لېكىن ھازىرچۇ؟ ھازىر ئاچچىقتىن يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالىدىمۇ، ئۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى يۈزىڭىزگە سېلىپ، زەھەردەك سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاشتىن، چاقنىغان كۆزلىرىڭىزنىڭ يۈرىكىمگە نەشتەردەك سانجىلىشىدىن بەكلا قورقىمەن. پەقەت سىزلا، سىزنىڭ ساداقەتسىزلىكىڭىزلا، مېنى ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلالايدۇ. يوشۇرمايمەن، يۈرەك كېسىلىم قوزغالغىلى خېلى بولدى. كۆڭلۈمگە ئايان، بۇ كېسەل ئاخىرى جېنىمنى ئېلىپ توختايدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرۇۋاتقىنى كېسەللىكتىكى سۇلغۇن چىرايىمنىڭ تەنھالىقتىكى ئاچچىق ئەسلىمىلەرنىڭ بەندىسى بولۇپ قېلىشى... راست، بۇ بەكمۇ ئاچچىق ئەسلىمە، ئەمدى بۇلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس!

يادىكار!

تۇرمۇشتىكى ئەگرى - توقايلار تۈپەيلىدىن بەزىدە قايغۇ ئۆكۈنۈشلەر ئىچىدە يەرنى خىياللاردا بولغان بولسامۇ، لېكىن يۈرىكىمنى ئاقتۇرۇپ كۆرسەم، سىزگە بولغان ساداقىتىم تاكى كۆزۈم يۇمۇلغىچە ئەكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، ئەنە شۇ ھايات مۇساپەمدە ئون تۆت يىل، بىر يۈز ئاتمىش سەككىز ئاي، بەش مىڭ قىرىق كۈن، ئاتمىش مىڭ تۆت يۈز سەكسەن سائەتنى پەقەتلا سىز، بىرلا سىزنىڭ يادىڭىز بىلەنلا ئۆتكۈزدۈم. مەن ئەشۇ يىللار بىلەن قېرىدىم، يۈزۈمگە چۈشكەن قورۇقلار ئاچچىقتىنمۇ، ئاچچىقتىنمۇ ياكى يىللار سوۋغىسىمۇ ئېيتا ۋۇر پېشانەم تەرلىگەندەك چاپچەكمىسەمۇ قېرىلىقنىڭ بەلگىسى. ئەنە شۇ يىللاردا بىر قانچە بوۋاق يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئەقلىي - ھوشىنى تاپقاندەك بولدى، بۇ نېمە دېگەن ئۇزۇن يىللار - ھە؟!

ئەنە شۇ يىللاردا بېسىپ ئۆتكەن ئىزلىرىمغا قاراپ باقسام، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلار مېنى ھەر قانچە بوغسىمۇ، قەلبىمنى ئاختۇرۇپ كۆرسەم يەنىلا ماڭا ئېغىر تۇيۇلمايتتى. ھازىر كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشىنىپ يەتكىنىمدە — توي بېشىدا بولسۇن ياكى ئاخىرىدا بولسۇن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىشلارنى ئاغزىمغا ئالغىنىمنى بىلەمسىز؟ كۆڭلۈم سۆيۈنگەندەك بىرەر ياخشى نەرسە خاتىرە قالدۇرغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟ چۈشىنىسىز، ئەينى چاغدا ئۇنداق نەرسىلەرنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. تۇرمۇشۇمدا ماڭا پەقەت سىزنىڭ ساداقەتمەنلىكىڭىزلا، راستچىل، سەمىمىيىتىڭىزلا كېرەك ئىدى. چۈنكى بىر ئائىلە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بەخت تېپىلمايدۇ-دە! مەن ئەندى بۇلارنى ھېسابلاپ ئولتۇرمايمەن. ئون تۆت يىلدىن بۇيان سىزنىڭ سىرداش دوستىڭىز، ئايالىڭىز بولغىنىمغا رازى. ئەمدى سىزدىن ئايرىلىپ قالسامۇ ئوغلۇم، قىزىم ماڭا قولداش، سىرداش. مەن شۇلار بىلەن بەختلىك. بىر ياخشى ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇبىگۇناھ سەبىيلەرنى باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرتمەيمەن. ئەزەلدىن قىلغان سۆزۈمدىن يانمايدىغانلىقىمغا ئىشىنىڭ!...

يادىكار:

بىر ئائىلىدە تۇرۇپمۇ، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇققاندا خەت ئارقىلىق كۆڭۈلدىكى تۇمانلارنى تارقىتىۋېتىدىغان ئادىتىمنىڭ بارلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك. نېمە ئۈچۈندۇر يۈز تۇرانە سۆزلىشىشتىن قورقىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. ئەمدى مەڭگۈ مۇنداق خەتلەر بىلەن ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن ... بۇ مېنىڭ قەلب سادايىم!

خەير، سىزگە بەخت تىلەپ: ئايالىڭىزدىن.

دىلشات نۇرەمەت

# «يولۋاس»

(ھېكايە)





ئەگەر بىر جايدا بىرەر ئىت كۆزۈمگە چېلىقىپ قالسىلا، كىچىك ۋاقتىمدا بولغان بىر ئىش يادىمغا كېلىپ، ئىختىيارسىز تۆپكەم ئۆرلەپ كېتىدۇ.

1

كىچىك چاغلىرىم، ئۆيىمىز يېزىدا ئىدى. بىر كۈنى، مەن موماملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، يالغۇز قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. بىزنىڭ يېزىمىز بىلەن موماملارنىڭ يېزىسى ئوتتۇرىسىدا، بىر كونا قەبرىستانلىق بار ئىدى. ئۇ يەردىن ئادەم كۆپ ئۆتمەيتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بىرەر يېرىم ماشىنا، ھارۋا ۋە پىيادىلەر ئۆتۈپ قالاتتى.

قەبرىستانلىقنىڭ يېنىغا كەلگەندە، مېنى سۈر باستى. قەدىمىمنى ئاستىلىتىپ، ئەتراپىمغا قورقۇمسىراپ قارىغىنىمچە مېڭىپ باراتتىم.

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان بىر نەرسىنىڭ غىڭشىغان ئاۋازى، مېنى قاتتىق چۆچۈتىۋەتتى. جايىمدا توختاپ، ئاۋازغا قۇلاق سالدىم. ئاۋاز بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاندى، شۇندىلا مەن بۇنىڭ ئىتنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالىدىم.

ئىتنىڭ ئاۋازى يان تەرەپتىكى ئازگالدىن چىقىۋاتاتتى. يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكەنىدى، شۇڭا، ئازگال يېنىغا يۈرەكلىك باردىم. ئازگال ئىچىدە بىر ئانا ئىت قانغا مىلىنىپ ياتاتتى. كىملەردۇر ئۇنى چاناپ تاشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئاستىدا، بىر كۈچۈك بېسىلىپ قالغان بولۇپ، ھەدەپ كاڭشىيتتى.

كۈچۈكنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ، ئازگالغا سەكرەپ چۈشتۈم - دە، كۈچۈكنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم. بىچارە كۈچۈكنىڭ



AltunOq

تېخى كۆزى ئېچىلمىغانىدى، ئۇنىڭ تۈكلىرى ساغۇچ كەلگەن بولۇپ، كۆزۈمگە تولىمۇ چىرايلىق ۋە ئوماق كۆرۈندى.

مەن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم، دەرۋازىدىن كىرىشىمگە، ھويلىدا ئىش قىلىۋاتقان ئانام، قولۇمدىكى كۈچۈكنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— قولۇڭدىكى نېمە!؟

مەن ئۈنچىقماي تۇرۇۋالدىم، چۈنكى، ئانامنىڭ مۈشۈك، ئىت... قاتارلىق ھايۋانلارغا ئۆچ ئىكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. ئانام يېنىمغا كېلىشكە باشلىدى:

— قولۇڭدىكىنى تاشلىۋەت، تاشلىۋەت دەۋاتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. مېنىڭ كۈچۈكنى تاشلىۋەتكىم يوق ئىدى، — تاشلامسەن، تاشلىمامسەن؟ — ئانام ئالدىمغا كېلىپ كۈچۈككە قول ئۇزاتتى.

مەن كۈچۈكنى قاچۇرۇپ، ئانامغا يېلىندىم:

— ئانا، بۇ... بۇنىڭ ئانىسى يوق، تاشلىۋەتسەم ئۆلۈپ قالىدۇ.

ئانام سۆزلىرىمگە پەرۋا قىلماستىن، بىلىكىمدىن تۇتۇپ سىلكىدى. مەن قولۇمنى ئانامنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ، يۈگرەپ نېرى بېرىۋالدىم.

— خەپ، توختاپ تۇر جۇمۇ سېنى... — ئانام سۈپۈرگىنى ئېلىپ، مەن تەرەپكە قاراپ مېڭىۋىدى، دەرۋازىنى ئېچىپ دادام كىرىپ كەلدى، بىر ياردەمچى تاپقانىدەك يېنىك تىندىم.

— قاراڭ، ماۋۇ بالىنىڭ كۆتۈرۈۋالغان نېمىسىنى، — دەپ، دادامغا قولۇمدىكىنى كۆرسەتتى ئانام.

— ۋاھ! كۈچۈك ئىكەنغۇ؟— دادام ئانامنىڭ تەگەشلىرىنى ئۇنتۇغاندەك، يېنىمغا كەلدى،— ياخشى ئىت ئىكەن. چوڭ بولغاندا ئوبدان ئىت بولغۇدەك، — دېدى ئۇ، كۈچۈكنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ. مەن دادامنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئانامنىڭ:

— ئەجەب بىر ئىت سەۋدالىرىغا يولۇقتۇمۇ نېمە؟— دەپ كايىشلىرىغا قارىماستىن، ئىتىمغا يەم بېرىشكە تۇتۇندۇم.

## 2

بىر يىل ئۆتتى. كۈچۈكۈم چوپچوڭ ئىت بولۇپ قالدى. بىز مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭغا « **يولۋاس** » دەپ ئىسىم قويدۇق. « **يولۋاس** » — مۇ بۇ ئىسمىغا ئادەتلىنىپ، « **يولۋاس** » دەپ چاقىرساقلا ئالدىمىزدا تەييار بولىدىغان بولدى.

« **يولۋاس** » ناھايىتى زېرەك ئىت بولدى. نېمىلا ئىشقا بۇيرۇسا، زېرەكلىك بىلەن ئورۇنلايتتى. مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئامراق ئىدۇق. بەزى كۈنلىرى، بىز ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭگاللىقتا توشقان قوغلىغىلى باراتتۇق. « **يولۋاس** » ناھايىتى چاققان بولۇپ، بىرەر توشقان ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنى تۇتمىغىچە قويمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز « ئوۋ » دىن نېمەتسىز قايتمايتتۇق.

سەككىز يېشىمدا، ئۆيدىكىلەر مېنى مەكتەپكە بېرىشتى.

دادام مېنى مەكتەپكە ئېلىپ بارىدىغان كۈنى، مەن ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ كەتتىم. يېڭى كىيىملىرىمنى كىيىپ، چېيىمنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، دادام ئوڭ قولۇمدىن يېتىلەپ ئېلىپ ماڭدى.

ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقىشىمىزغا، ئارقىمىزدىن « **يولۋاس** » نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بىز ئىتتىك كەينىمىزگە ئۆرۈلدۇق. ئۇ ئەگىشىپ چىققانىكەن.

— يولۋاس، كىرىپ كەت!— دېدىمەن ، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. ئۇ زوكىزايغىنىچە جىمىدە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى.

— كىرىپ كەت! — ۋارقىرىدىم، لېكىن ئۇ قىمىر قىلماي، تىلىنى ساڭگىلاتقىنىچە قاراپ تۇرۇۋەردى.

مەن دادامغا قارىدىم، ئۇ كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. دادامنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى قوغلىدىم، ئۇ ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. دەرۋازىنى يېپىپ قويۇپ، دادام بىلەن يولغا راۋان بولدۇم.

— يولۋاسنىڭ سەندىن ئايرىلغۇسى كەلمەي-ۋېتىپتۇ-دە؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى دادام كېتىۋېتىپ. مەن دادامغا قاراپ كۈلدۈم.

يېرىم يولغا كەلگەندە، «يولۋاس» نىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

— يولۋاس!— ئارقامغا قايرىلىپ قاراپ، هاڭ-تاڭ قالدىم.

— ئىم، قەدىناس يەنە كەپتۇ، — دېدى دادام، قولۇمنى قويۇۋېتىپ.

مەن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ جايىدىن مىدىرلىماي، مېھرىلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىككەتتى.

— يولۋاس، ئۆيگە كەتكىن، مەن يەنە قايتىپ كېلىمەن، — دېدىمەن ، تىزلىنىپ ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ،— بۈگۈن مەن مەكتەپكە بارىمەن، ئۇ يەرگە سېنى ئاپارغىلى بولمايدۇ. چاپسان ئۆيگە قايتىپ كەتكىن — ھە؟

«يولۋاس» مەقسىتىمنى چۈشەنگەندەك، ئۇزۇن بىر غىڭشىپ قويۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

— جۈر ئوغلۇم، ۋاق قالمايلى يەنە، — دادام قولۇمدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ، ئارقامغا ئۆرۈلۈپ، قىيالمىغاندەك قاراپ قوياتتىم.

چۈشتە مەكتەپتىن قايتىپ، دەرۋازىدىن كىرىشىمگە، ھويلىدا غېرىپسىنىپ تۇرغان «يولۋاس» ئۆزىنى ماڭا ئېتىپ، ئەركىلەپ قوللىرىمنى يالاپ كەتتى. مەن مۇ ئۇنىڭ بوينىدىن مەھكەم قۇچاقلىدىم.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتەتتى. دائىم مەكتەپتىن قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۇنى يولۇمغا قاراپ تۇرغان ھالدا كۆرەتتىم. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە بولسا، بالىلار بىلەن بىللە ، ئۇنى مەھەللىمۇ مەھەللە ئايلاندۇرۇپ ئوينايتتۇق.

3

كۈز كېلىپ، قىش كىردى. ئاسمانىدىن ئاپئاق قار پاختىدەك لەيلەپ چۈشەتتى. بارا-بارا سوغ ئەدەپ جۇدۇن بولۇشقا باشلىدى.

يېقىندىن بۇيان، بالىلار ئارىسىدا غالجىر ئىت ھەققىدە كىشىنى چۆچۈتكىدەك سۆزلەر تارقالدى. بالىلارنىڭ ئېيتىشىچە، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ بەرەر ئايدىن كېيىن غالجىرلىقى تۇتۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيدىغان، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى چىشلەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمگە ئەندىشە چۈشۈپ، يالغۇز مېڭىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. مەكتەپكە ماڭسام مۇ، مەھەللىدىن بالىلارنى چاقىرىۋالىدىغان، ئەگەر ئۇلار مەندىن بۇرۇن كېتىپ قالسا، ئاپام ياكى دادام ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. غالجىر ئىت «يولۋاس» نىمۇ چىشلەپ سالامسۇن دەپ، ئۇنى باغلاپ قويىدىغان بولدۇم. بىچارە «يولۋاس» باغلاقتىن بوشىنالماي، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى، كاڭشىيتتى.

ئەندىشە قىلغىنىمدەك بولدى، قايغۇلۇق كۈن كەلدى…

قىشلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مەن تۇرسۇن، ئىسكەندەر قاتارلىق بىر نەچچە بالىلار بىلەن «يولۋاس» نى ئەگەشتۈرۈپ جاڭگاللىغا توشقان تۇتقىلى ماڭدۇق. يۇمشاق قار پەيپەملىرىمىز ئاستىدا غىچىلدايتتى.

— ۋاھ! مۇشۇنداق چاغدا توشقان تۇتساڭ ئالامەت ياخشى جۇمۇ؟ — دەيتتى ئىسكەندەر قىزىپ سۆزلەپ، — قېلىن قاردا توشقان تۈزۈكرەكمۇ چاپالمايدۇ.

— قار ئۈستىگە ئىزىمۇ ئوچۇق چۈشىدۇ، — يېنىمدا كېتىۋاتقان تۇرسۇن، ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى.

— راست، ئۇمۇ بار گەپ…

سۆھبەتشۇ تەرىقىدە قىزغىن كېتىۋاتاتتى. «يولۋاس» بولسا، بىر ئالدىمىزغا يۈگرۈپ كېتىپ، بىر ئارقىمىزدا قېلىپ، دالىغا ئەركىن قويۇپ بېرىلگەن تايچاقتەك سەكرەپ — ئويناقشىپ كېتىۋاتاتتى. بىز ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا زوقلىنىپ قارىشاتتۇق.

— قاراڭلار، يولۋاس نېمە دېگەن ئوماق.

— ئۇ قىن — قىنىغا پاتماي قېلىۋاتىدۇ.

— ئۆزىنىڭ بۈگۈن ئوبدان ئوينىۋالىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇۋاتىدۇ، — دېيىشتۇق بىز، ھاياجانلىنىپ.

جاڭگاللىققا يېتىپ كەلدۇق. جۈرئەتنىڭ جاڭگاللىقتىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىر ئىتقا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ:

— قاراڭلار، ئىت! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھودۇققان ھالدا، — ئىت كېلىۋاتىدۇ.

— ھوي، بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئىسكەندەر.

راست دېگەندەك، ئىت بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئىتنى كۆرۈپ، «يولۋاس» نىڭ قولىقى دىڭ بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتكەندى. ئىت يېقىنلاپ كەلگەنسېرى، قىپقىزىل چوپ كۆزى، ئاغزىدىن بىر غېرىچچە ساڭگىلاپ تۇرغان تىلى، توختىماي ئېقىۋاتقان شۆلگەيلىرى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى:

— غالجىر! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى تۇرسۇن. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈستىمىزدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ قاتتىق قورقۇپ كەتتۇق. تەمتىرەپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي قالدۇق.

غالجىر ئىت خىرىس قىلىپ يېقىنلاپ كەلدى. پۈتۈن ئەزايىم تىترەپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. «يولۋاس» يېنىمدا غالجىر ئىتقا تىكىلگىنىچە ئاۋالقىدەكلا تۇراتتى:

— «يولۋا…س!» — تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدىم مەن.

«يولۋاس» پەقەت شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، غالجىرغا ئۆزىنى تاشلىدى. كۆز ئالدىمىزدا ئىككى ئىت تالىشىۋاتاتتى. ئېسىمىزنى يىغىپ، قولىمىزدىكى توشقانغا ئېتىش ئۈچۈن ياسالغان كالتەكلىرىمىز بىلەن، غالجىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋالدۇق. شۇ چاغدىلا يەڭگىل تىن ئېلىپ، «يولۋاس» نىڭ يېنىغا كەلدۇق. ئۇ، يارىلانغان يەرلىرىدىن چىققان قاننى يالىغىنىچە ئىڭشىپ ياتاتتى.

4

«يولۋاس» نىڭ مىجەزى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى شوخلۇقى يوق بولۇپ كەتتى. ماڭا ئېسىلىپ، ئەركىلەشلىرىمۇ قالدى. ئەڭ يامىنى، ئۇ يورۇقتىن قاچىدىغان، دائىم قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا كىرىپ يېتىۋالىدىغان بولدى. كېيىنچە، ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالدىم. بىر كۈنى

دادامغا يىغلاپ تۇرۇپ:

— دادا، يولۋاسنى دوختۇرغا كۆرسىتەيلى، — دېدىم. دادام ماقۇل بولدى.

شۇ كۈنىلا «يولۋاس» نى مال دوختۇرىغا ئېلىپ باردۇق. دوختۇر ئۇستىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، جىددىيلىشىپ كەتتى:

— ئۇستىڭلارنى دەرھال يوقاتمىساڭلار، ئۆزۈڭلارغا ئىش تېپىۋالىسىلەر، — دېدى بىزگە قاراپ.

— دوختۇر، ئۇ ... ؟

— غالجىر، ئۇ غالجىر بولۇپ قاپتۇ. ئاز كۈندىن كېيىن، كېسەللىك رەسمىي تۇتىدۇ.

دوختۇرنىڭ جاۋابىدىن ھاڭ-تاڭ بولدۇق، مەن پاگىدە ئېتىلىپ يىغلىۋەتتىم، كۆز يېشىمنى توختىتالمىدىم. دادام يول بويى ماڭا تەسەللىي بېرىپ كەلدى. ئۆيگە كېلىپ ئاپامنى كۆردۈم-دە، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم.

— يولۋاس، يولۋاس، بىزنى دەپ بالاغا قالدىڭمۇ؟ يولۋاس ... — دەپ تەكرارلايتتىم ئىچىمدە.

ئىككىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن، دادام بىر ئادەمنى باشلاپ كەلدى. مەن، پەشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلەنگىنىمچە، بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىپ، جىمىدە تۈگۈلۈپ ياتقان يولۋاسقا ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن قاراپ تۇراتتىم. ھېلىقى ئادەمنىڭ مىلتىقىنى كۆرۈپ قالدىم:

— ياق! يولۋاسنى ئاتقۇزمايمەن! — مەن يۈگۈرۈپ بارغىنىمچە مىلتىققا ئېسىلدىم.

ئۇ ئادەم «قانداق قىلىمەن؟» دېگەندەك، دادامغا قارىدى. دادام قولۇمدىن تارتىپ تۇرۇپ:

— بالام، بولدى قوي، ئۇ غالجىر بولۇپ قاپتۇ. ئەتىلىككە، ساڭا ئوبدان كۈچۈكتىن بىرنى ئەكېلىپ بېرىمەن، — دەپ، تەسەللىي سۆزلىرى بىلەن مېنى ئۆيگە سۆرىدى.

قولۇمنى مىلتىقتىن ئاجرىتىپ، ئورنىدا قىمىر قىلماي ياتقان «يولۋاس»قا قىيالماي قاراپ، ھۆك-ھۆك يىغلىغىنىمچە ئۆيگە ماڭدىم.

بىردەمنىڭ ئىچىدە، ھويلىغا بىر مۇنچە بالا يىغىلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرسۇن، ئىسكەندەر، جۈرئەتلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگىمۇ ياش تولۇپتۇ.

پەللەمپەيگە پۇتۇمنى ئېلىشىمغا «گۇم!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ، ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. «يولۋاس» ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ، كاڭشىغىنىچە جايىدا ئايلىناتتى:

— يولۋا ... س! — ۋارقىرىۋەتتىم مەن، ئۇنىڭغا ئېتىلىپ. ئەمما دادام قولۇمدىن تارتىپ ئەكېلىپ، باغرىغا چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى.

ئارقا-ئارقىدىن يەنە ئون نەچچە پاي ئوق ئېتىلدى. ھەر بىر پاي ئوق ئېتىلغاندا، يۈرىكىم جىغىلدايتتى. دادامغا مەھكەم يېپىشىپ، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇۋالدىم. «يولۋاس» نىڭ كاڭشىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرەتتى.

مىلتىق ئاۋازى توختىدى. «يولۋاس» مۇ جىمىپ قالدى. كۆزۈمنى ئاچسام «يولۋاس» سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ.

— يولۋاس! — چېقىرىغىنىمچە، دادامنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتىم، — سەن ئۆلمىدىڭ، يولۋاس. ئۇلار يالغان دەيدۇ، سەن غالجىر ئەمەس!

باياتىن بېرى يىغلىمىسىراپ تۇرۇشقان بالىلارمۇ ئەتراپىمغا ئولاشتى. «يولۋاس» پۈتۈن بەدىنى تىترىگەن ھالدا ياتاتتى. بىردىنلا ئۇ جىمىپ قالدى، مەن تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم.

ئەنۋەرجان ئەمەت (ئوقۇغۇچى)

# ئالتۇن ھالقا

(ھېكايە)

مېنىڭ ئەختەر ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم بار. ئۇنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرغىنىمغا ئىككى يىل بولاي دېدى.

ئەختەر بەكمۇ ياسانچۇق، ماختانچاق ۋە تەكەببۇر قىز. ئۇنىڭ دادىسى شەھىرىمىزدىكى بىر زاۋۇتنىڭ دېرىكتورى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئەختەر ھەر كۈنى ھەر خىل پورمىدا كېيىنىپ، ياسىنىپ يۈرەتتى. ئۆزىگە ئوخشاش كېيىنگەن، ئىقتىسادى ئەھۋالى ياخشى بالىلاردىن ھېچنېمىسىنى ئايىمايتتى. بىراق ئۇ بەزىدە ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، قىسمەن ساۋاقداشلار بىلەن پات-پات تاكاللىشىپ قالاتتى.

بۈگۈن مەكتىپىمىزدە «لېي فېڭ، لېيفېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى، مەن دېكلاماتسىيە قىلماقچى بولغان شېئىرىمنى مەشىق ئۈچۈن ئوقۇپ كۆرەي دەپ تۇرۇشۇمغا، تۇساتتىن يالقۇن مېنى نوقۇپ:

— قارا، ئەختەر بۈگۈن مەكتەپكە ئالتۇن ھالقا تاقاپ كەپتۇ، — دېدى. مەن بىرخىل خۇش ياقمىغان قىياپەتتە بۇرۇلۇپ قارىسام، ئەختەرنىڭ قۇلىقىدا قىممەت باھالىق ئالتۇن ھالقا تۇراتتى. دوسكىنىڭ يېنىدا بىر قانچە بالىلار ھالقا توغرۇلۇق سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئەختەر «قانداق، ھالقا ياراشىپتىمۇ؟» دېگەن مەنىدە ساۋاقداشلارغا نەزەر سالاتتى.

— ئەجەب چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىنا، — دېدى ساۋاقداش مېھراي ئىشتىكىن كۈلۈپ كىرىپ، — ئالدىڭمۇ؟ ...

— شۇنداق، ئالدىم. ئالتۇن دېگىنە تېخى! — دېدى ئەختەر مېھرايغا ماختىنىپ.

— ھە، مۇنداق دېگىن، نەچچىگە ئالدىڭ؟ ھەقىچان قىممەتتۇر.

قىزىقىپ قاراشلار، خىلمۇ خىل ماختاشلار خېلى بىر ھازا داۋاملىشىپ، بۇ توغرىدىكى پاراڭ ئاستا - ئاستا ئايىغلاشتى.

«لېي فېڭ، لېيفېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى» ئايىغلاشتى، مەنمۇ ئوقۇيدىغان شېئىرىمنى ئوقۇپ بولدۇم. ئەختەر مېھراي قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن قولتۇقلىشىپ مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا چىقتى، شۇچاغ كۈتمىگەن بىر ئاۋاز ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى:

— ئەختەر! ھېلىقى ئالتۇن ھالقىنى كۆردىڭمۇ؟ ھەدەڭگە تويلۇق ئۈچۈن ئالدۇرغان ھېلىقى ئالتۇن ھالقىنى دەيمەن؟!

بىز ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ قاراپلا، ئۇنىڭ سېمىز بەدىنىنى ئاران كۆتۈرۈپ غازدەك پالاقشىپ كېلىۋاتقان ئەختەرنىڭ ئاپىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق ۋە ھەيران قالدۇق. بۇ چاغ ساۋاقداشلار ئالدىدا گىدىيىپ تۇرۇۋاتقان ئەختەر شالپەردەك قىزىرىپ، يا يەرگە كىرىپ كېتىشنى، يا ئاسمانغا چىقىپ كېتىشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى ...

مۇھەممەترېھىم ھاجى تۇرسۇن ( ئۆزبېك )

# نەسرلەر

## سىر

ھەممىنىڭ ئۆزگىچە سىرى بولىدۇ. بىراق سىر بىلەن سىمپات قوشكېزەك. سىر بولىدىكەن سىمپات بولىدۇ، سىر ئاشكارىلىنىدىكەن سىمپاتمۇ تۈگەيدۇ. سىرى يوق كىشى بەختلىك بولالمايدۇ، ھەممىنى سىر تۇتىدىغان كىشى ھەرەج تارتىدۇ. سىر كۆڭۈلنىڭ چېچىكى. سىر بىلەن سەممىيەت زىت ئەمەس؛ كۆڭۈل - قارنىدىكىنى تۆكۈش سەممىيىتى — ئۆتلۈنۈش مەنىسىگە ئىگە. بەزى سىرلار شادلىق بىلەن ئەلەمنىڭ نىكاھىدىن تۆرەلگەن غۇنچە، بۇ غۇنچە سېنى گاھ جەلپ قىلسا، گاھ يۈرەك باغرىڭنى پۇچىلايدۇ؛ سەن پۇچىلانغانسېرى ئۇنىڭغا ئاشىق بولىسەن.

مانا، قەلب قېتىمىدىكى سىرىمنى ساڭا تۆكەي، بۇ ساڭا ئىشەنگەنلىكىمدىن. كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈل بۇلاق يۈزىدىكى چەمبەردەك يېقىنلاشسا، ھېسسىياتلار گىرەلىشىدۇ، سىر چىگىشلىرى يېشىلىدۇ، كۆڭۈل قۇۋۋىتىمنى قەدىناس دوستۇم ساڭا ئاچتىم، دوستلۇق ئاپتېپىنى سايىسىز چۈشۈر!

ئائىلىمىزدە بىر سىر بار. ئۇ، ئەپچىل بىر تۈگۈنچەك، بۇ سىر مېھرىبان ئانامنىڭ «...جانىم قوزام، ئەللەي» دەپ ئېيتقان مۇڭلۇق پەپىلىشىدە ئەمەس؛ دادامنىڭ قورۇق چۈشكەن چىمىچىق كۆزلىرىدە ئەمەس؛ بوۋامنىڭ ئۇزاقتىن ئۇزاققىچە قېقىلىپ يۆتىلىشىدە، مومامنىڭ توك - توك قىلىپ يەرنى ئويۇپ ماڭىدىغان ئەگرى ساپلىق ھاسىسىدا ئەمەس؛ ھويلىدىكى قوقان گىلاس شېخىغا ئېسىلغان شاخەي قەپەزدە سايراۋاتقان ئىلى تورغىيىدا ئەمەس.

سىر ئانامنىڭ يۇمشاق كۆڭلىگە، دادامنىڭ جاسارەت ئۇچقۇنى تۇرىدىغان كۈلكىسىگە، ياش قەلبىمنىڭ ئىشىنىش، سۆيگۈ ئوتلىرىغا كۆمۈلگەن قاتلىرىغا پىنھان بولغان. بۇ، كۆرۈنمەس زەر يىپ كەبى ئانامنىڭ يۇمشاق كۆڭۈل ئۈنچىلىرىنى؛ دادامنىڭ ئاجايىپ مەزمۇت، ئاتىلىق مېھرى بىلەن تولغان دۇردانە قەلبىنى، مېنىڭ ئىنتىلىش ئىچىدىكى شېئىر كەبى پاك، ناخشىدەك شېرىن، تېخى ئىشىق ئوقى تەگمىگەن دىلىستانىم بىلەن تۇتاشتۇرغان.

دادام ئۇيغۇرچە سۆزلەيدۇ، دادام قەشقەرلىك؛ ئانام ئۆزبېكچە سۆزلەيدۇ، ئانام تاشكەنتلىك؛ مەن ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، ئۆزبېك تىلىدىمۇ سۆزلىيەلەيمەن، چۈنكى دادامنىڭ ئوغلى، ئانامنىڭ قوزىسىمەن. تومۇرۇمدىكى قان دادامغا، ئاغزىمدىكى سۈت، ئۆگۈلىرىمدىكى يىلىك ئانامغا تەئەللۇق:

سۆزلىرىمگە ئۇيغۇرچىمۇ،
ئۆزبېكچىمۇ، قەشقەرشېۋىسىمۇ،

**قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن**

تاشكەنت شېۋىسىمۇ ئارىلاشقان. دادام ئۇنى بىلىدۇ، «بەردەم بول، يىگىت!» دەپ كۆكسىمـ
نى مۇشتى بىلەن ئۇرتۇپ قويىدۇ؛ ئانام بۇنى چۈشىنىدۇ. «ئايلىناي، جان
بالام، ئايلىناي!» دەپ پېشانەمگە سۆيۈپ، بېشىمنى سىلاپ قويىدۇ.
قەلب ھېسلىرىنى قىراۋغا ئايلاندۇرۇپ، دوستلۇق ئاپتىپىغا مۇدھىش سايە چۈشۈرىدىغان
تاغلار يېمىرىلدى. قەلبلەرنى چوڭقۇر قېتىدىن، ھارارەتلىك ھېسلارنى پېتىدىن ئايرىپ تۇ-
رىدىغان تەگسىز ھاڭلار، ئىنسان مەدەنىيىتى مەھسۇلى بىلەن تىندۇرۇلدى. زۇلمەت قا-
راڭغۇلۇقى، يېڭى سىياسەت بىلەن ئەسلىگە كەلگەن مۇئەللىمىنىڭ كۆڭلىدەك پاللىدە يو-
رۇپ كەتتى. يول راۋانلاشتى؛ دىل رىشتىسى قايتىدىن باغلاندى. ئۇيغۇر تىلىمۇ، ئۆزبېك
تىلىمۇ ئۇلۇغ تىل، تاشكەنت شېۋىسىمۇ، قەشقەر شېۋىسىمۇ ئانا تىلنى سۆيگەن ماڭا ئا-
جايىپ شېرىن تۇيۇلىدۇ؛ ئاڭلىسام كۆڭلۈم شۇررىدە ئېرىپ كېتىدۇ.

ئاشۇ گۈزەل سىرلاردىن دۆلەتنىڭ ھۆججىيرىسى — قوۋناق ئانىلە قۇرۇلۇپ، بەختلىك
كۈنلەر ئۆتمەكتە. دۇنيادا مەڭگۇ سىر تۇتۇلۇپ كېتىدىغان مەخپىيەتلىك بولمايدۇ. دوس-
تۇم! قەلب قېتىمدىكى سىرلىرىمنى ئېشەنگەچكە ساڭا تۆكتۈم. باشقىلارغا دېسەم دوستۇم-
نىڭ كۆڭلى ئاغرىپ قالارمۇ؟ دوستلۇق رىشتىسى ئۈزۈلۈپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرىمىگىن.
بۇ سىرىمنى ئۇزۇن يىل ساقلىدىم، ئەلەم يۇتتۇم. بىراق، ئاتا - ئانامغا كۈلۈپ قارىدىم،
بالىلىرىمنىڭ قەلبىگە دادىلىق مېھرىنى، ئايالىمنىڭ كۆڭلىگە ئەركەككە خاس شېرىنلىك
ئوت ياقتىم. ئارمىنىم يوق، ئەمدى!

## ياشلىق

غەلىتە سىرلىق تۇمانلاردىن ھالقىپ ئۆتتۈپ، خۇشخۇي كەيىپ قىلىدىغان جىلۋىگەر
كۆزلەردىن ئېتىلىپ چىقىشۋاتقان كارامەت نۇر نەيزىلىرى تەرىپىدىن شىكەستىلەندىم. سەن
غۇنچە بەرگىسىدىكى شەبنەمدەك پاك، بوۋاق لېۋىدىكى ئانا سۈتىدەك ئاق ئىدىڭ. قولۇڭـ
نى تۇتتۇم، تومۇرلىرىڭدىكى مۇھەببەت، ياشلىقنىڭ شوخ ھېسلىرى لەززەت سۇرۇپ شىقىـ
راپ ئېقىشۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇپۇق سىزىقىدا ئامۇت چېچەكىدەك ئاق بۇ-
لۇت بىلەن مۇڭدىشىۋېتىپ، بوغدا چوققىسىنى تەبەسسۇم بىلەن كۆرسىتىپ ۋىلىقلاپ كۈلىدۈڭ.
بۇلۇتنى شېرىن ھېسسىيات بىلەن باغرىغا باسقان مۇز تاغنىڭ ساپ سۆيگۈ مۇھەببىتىدىن
لەززەتلىنىپ كۈلگىنىڭنىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئاجايىپ شېرىن، ئاجايىپ ھەۋەس بىلەن چو-
كۇلدىتىپ سۆيۈشلىرىدىن غىدىقلىنىپ كۈلگىنىڭنىمۇ، بۇلۇت بىلەن مۇز تاغ بىر تەن، بىر
جان ئىكەنلىكىنى ئىككىمىزگە سىمۋول قىلىپ، كەلگۈسىنى ئويلاپ كۈلگەنلىكىڭنىمۇ
ئۇقالمىدىم.

بۇدرۇق، يۇمران، ئالقىنى داڭىم قىزىپ تەرلەپ تۇرىدىغان ماڭا تونۇش، تۇتسا ملا
يۇرەك ھەرىكىتىمنى تېزلىتىدىغان ئەشۇ قولۇڭنى تۇتتۇمدە، بۇلۇت ئۇستىگە كۆتۈرۈلدۇق.
گۈرە سېلىشىپ ئۇچتۇق، سېنى تەڭنە قازان قىلىپ كۆتۈرۈپ ئۇچتۇق، پەرۋاز قىلدۇق ...
ئىشىق خەنجەرلىرىدە غايە قاشتېشىغا ئەھدى پەيمانىمىزنى ئاجايىپ نەپىس نەقىش قىلىپ
ئويۇق زېھنىمىز بىلەن ئويدۇق. سېنىڭ دىلىستانىڭ، يامغۇردىن كېيىنكى زۇمرەتتەك

سۇزۇك ئاسمان كەبى پاك، قايمىقى ئېلىنغان سۈتتەك ئاق ئىدى. بۇلۇت كەبى يەڭگىل تۇيغۇ ھېسلىرىم سېزىم ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

گۈزەل، خۇشپىچىم باھار خۇشلاشمايلا كېتىپ قالدى.

ئاجىزغىنا بىلىنگىنىگە مەھكەم ئېسىلىۋالغان ياز ھېسلىرى رەڭدارگۈللەرنى ماڭا سۇندى، سېھىرلىك تاغ سۇلىرى، لالە، رەيھانلار مېنى مەپتۇن قىلدى.

ياشلىق! ئېخ ياشلىق!! مۇقەددەس، پاك زېمىن، سېنىڭ يىلتىز سۇرىدىغان ئەنجان تۇپرىقىڭ.

تىك، ئاجايىپ ۋەھىمىلىك كۆپكۆك مۇز بىلەن قەددىنى رۇسلىغان قىيادا بىر تۇپ قار لەيلىسى جىلۋە قىلىپ ئېچىلدى. زېمىستان باغرىنى باھارغا پۇركەيمەن،دەپ ئەھدى قىلدى، ئۇنىڭ كېلىشكەن بەرگىسى، چاپانىڭ، زىلال پاكلىقىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ئاشۇ قار لەيلىسىدىكى زىلاللىق، نەپىس گۈزەللىك، مەھلىيا قىلىدىغان سۇباتلىق دەل ئاق قار لىباسىنى كېيگەن مۇزلۇق قىيادىكى ياشلىق ئىدى.

مانا، روھ بىلەن سۆيگۈ مۇھەببەت بىر تەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېچىلغان رەيھانگۈلنىڭ مۇشكى ـ ئەنبەر ھىدلىرىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان پەيتمۇ كەلدى.

## تۆگىمەس ناخشا

سەنمۇ ئېيتىپ تۈگەتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان.

— ت. ئېلىيوپ

يېرىم كېچە، تولۇن ئاي لەتىپ يەللىك كېمىدەك ئاستا ـ ئاستا بۇلۇت كەينىگە ئۆتتى. ئاپئاق **لىباس** كېيگەن جانان بۇلۇت ئارقىسىدىن چۈشتى. مەن ئۇنى پەرىمىكىن دەپتىمەن. ئۇ، تولۇن ئايغىلا ئوخشايتتى، ئۇ، ناھايىتى لاتاپەت بىلەن چۈش كۆرۈۋاتقان خىيال ئۇيقۇمغا قوندى. ئۇنى كۆرۈپ قېرىدىغان كۆزلىرىم يېنىپ كەتتى. بۇ نۇرلار كۆز چۆرىسىدىكى قورۇقلارنى بويلاپ، سېزىم ئاسمىنىغا ئۆچتى، غۇۋا خىيال ئىچىدە، قولىنى ئۇتسام نېمە دەر،دەپ ئەندىش ئىچىدە تىت ـ تىت بولدۇم، ئۇ، كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك يېنىمغا كەلدى، ئاھ ماڭا تونۇش ھىدلار، مەن ئۇنىڭدىن چىققان پۇراقلارنى ھىدلىدىم. ئۇ تاتلىقىنا كۈلدى. «قېرىدىپ قالدۇق، ئىپار چاچلىرىم بولدى كافۇر، سۆزلىسەم نەپسىم قىينىلىدۇ، قەدىمىم قىسقاردى، ئەمدى بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتكەن ناخشىنى يەنە ئوقۇپ بەر دەپ قىستىمىغىن! ماغدۇردىن كەتتىم» دېدىم ئۇنىڭغا. ئۇ شۇنچىلىك ئوماق كۈلدىكى، بۇ كۈلكىدىن دەسلەپكى مۇھەببەتلەشكەن ئايدىڭ كېچە يالتىندە خىيالىمغا كەلدى: «جېنىم!يۈرەكلىرىڭنىڭ سوقۇشلىرىدىن، ياشلىق باھار تەپتى كېلىۋاتىدۇ. كۆزلىرىڭ ماڭا تەلمۈرگەن چاغدىكىدەك چاقناۋاتىدۇ، سېنىڭ ناخشاڭ قەلب كۈلچەكلىرىڭدە چۆكۈپ ياتقىنىغا ئۇزۇن بولدى، بۇ يىل باھاردىكى لەتىپ شامال چىقارغان سادالار مۇزىكا بولسۇن،كەلگىن ئومىقىم، مۇزىكا ناۋالىرىغا تەڭكەش قىلىپ بىر ناخشا ئېيتقىن!» دېدىڭ.

تاڭ سەھەر، مەزىنىڭ مۇڭلۇق ئەزىنى مەھەللىمىزدە ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئويغىنىپ قاراپ، بىردەم ياتتىم. شېرىن ئەسلىمە، جانان قاچان كەتتى، دېگەن سوئال ئىچىدە قەلب ئېتىزىمدا گۈلخان بولۇپ ياناتتى. بىر كېچە ئۇخلىغاندەك ئەمەسمەن، بىراق روھىم تېتىك، كۆڭلۈم يورۇق ئىدى. سەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدا رەيھانگۈلنىڭ خۇش ھىدى ئاجايىپ لەرزان ھالدا دىماقنى غىدىقلايتتى. قەپەزدىكى ئىلى تورغىيى ئاشىقىنى، كەڭ دالا قوينىنى سېغىنىپ سايرايتتى. تورغاينىڭ سايراشلىرى ئارىسىدىن: «ئەي! بوۋاي! قېرىدىڭ، بېلىڭ مۈكچەيدى، ئېيتقان ناخشىلىرىڭنى ئۇنتۇۋالدىم. ئۇ يۈرەك ئالىمىگە سىڭىپ كەتتى» دېگەندەك بولاتتى.

تورغاي، ناۋالىرىڭ دىلىمنى ئېرىتتى، ئەمدى بىلدىم. ھايات ناخشىسى تۈگىمەيدىكەن، قېرىمايدىكەن، ھارمايدىكەن. ياشلىق باھار مەڭگۈلۈك ئىكەن. ياشلارنىڭ ناخشىسى مۇڭلۇق بولىدىكەن. قېرىلارنىڭ ناخشىسى نەۋباھار ناخشىكەن، ناخشا ئىنسان قەلبىدە ئۇزۇن يىل ياشايدىكەن، قەلب قېتىغا كۆمۈلگەنسېرى ئۇنىڭ سىرى، مۇڭى، پىغانى ئېشىپ بارىدىكەن. ۋادەرىخا!

## يول

بىر تەرىپى ھاڭ قىيا، يەنە بىر تەرىپى كۆككە باش قويغان تاغ، تۇرغىنىڭ تاغ باغرىدىكى ھاڭ، قىيا گىرۋىكىدىكى يول، تاغ يولى، تاغ يولى ئۇيغۇر يىگىتلىرى بېلىدىكى پوتاغا ئوخشايدۇ. تاغ يولى ھاياتلىق ناخشىسى ياڭرايدىغان يول، ئىشىق - مۇھەببەت ناۋاسى جەۋلان قىلىدىغان يول. تاغ يولى — ھاياتلىق يولى، مۇھەببەت يولى. قاراڭ، قەشقەر بەشكېرەمدىن ئاتۇشقا بارىدىغان بىر يول بار. ئۇ يولدا ھەر قانداق زامانىۋى قاتناش قورالى ماڭالمايدۇ، پەقەت پىيادە، ئېشەكلىك مېڭىشقىلا بولىدۇ. بۇ يولنى قەشقەرلىك يىگىت بىلەن ئاتۇشلۇق قىز مۇھەببەت ئوتىدا پۇچۇلىنىپ، ماڭغانىكەن. ھازىر بۇ يولنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ئىشىق يولى. سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر كىشىلىرى بۇ يولنى يەنىلا ئىشىق يولى دېيىشىدۇ.

بۇ تاغ يولى — ئىشىق يولى. قانچىلىك يېزىلارنى، شەھەر - بازارلارنى، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرنىڭ يوللىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. تەشنا يۈرەكلەرنى بىر - بىرىگە ئۇچراشتۇرىدۇ، يېزا - بازار ئىگىلىكى ئوبوروتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇ يولدا ئاشىق - مەشۇقلار بىر - بىرسىنى ئىزدىشىدۇ، ئوتتۇن - سامان ساتىدىغانلار ئۆتۈشىدۇ. كالا - قويلار ئۆزلىرى بىلىدىغان مۇقامغا ناخشا ئېيتىپ، باھار خۇشاللىقى، زېمىستان - سوغۇقلىرىنى ئېلىپ مۇشۇ يولدىن ئۆتىدۇ.

بۇ يولنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئىدراكى ئويغىنىپ، مۇھەببەتنىڭ شېرىنلىكى، يول ئېچىشنىڭ قىيىنلىقى، ئىنساننىڭ ماھىيەتلىك گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ھاياتنىڭ يېڭى ئەسىرىدىن يېڭى مەنا بىلىشكە ئالدىرايدۇ.

## دوپپا بازىرى

ناۋادا ۋەتىنىمىزنىڭ پۈتۈن زېمىنى گۈزەل، رەڭدار كەشتە بولسا، قەشقەر ئاشۇ گۈزەل، رەڭدار كەشتىنىڭ بىر چېكىم گۈلىدۇر.

مۇلايىم، خۇشخۇي، ئاق كۆڭۈل، لاتاپەتلىك، ئىشچان خوتۇن ـ قىزلارنىڭ چىۋەر قوللىرى بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، مانپۇ دوپپىلارنى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن پەيز تىكىپ قويىدۇ. قەشقەرنىڭ مەركىزى ھېيتگاھنىڭ سەينالىسىغا قاراپ تۇرىدىغان ئوردا ئالدى دوپپا بازىرى بازار كۈنلىكى قىزىپ كېتىدۇ. بازاردا ئاق بادام دوپپا، تور بادام دوپپا، چۆچۈرە بادام دوپپا، چىمەن تاشكەنت، گىلەم تاشكەنت دوپپىلارغا، قىزىل مانپۇ، يېشىل مانپۇ؛ مەرۋايىت تىزىلغان، ئاجايىپ گۈللەر چېكىلگەن ئۈنچە دوپپا ؛ ئاددىيلا تىكىلگەن ئاق شاپاق دوپپا، كۆك شاپاق دوپپىلارغا تولغان تەنزىلەر، دۇكانلار؛ چىرايلىق چوكانلار قولىدىكى سېۋەتلەر، روپاش چوكانلار قولىدىكى نەپىس ياغلىقلارغا لىقمۇ لىق قاچىلىنىپ، خېرىدار كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ دوپپىلار ياراتقان گۈزەللىك شۇنى سېزەلەيدىغان كىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ئىستېتىك لەززەت بېرىدۇ، قۇياش قەشقەر ئاسمىنىدا تىكلەشكەندە، بازار سودىسىنىڭ قىزىقلىقى، ھاۋا تەپتىنىڭ قىزىقلىقى بىلەن قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئۆزىنى تەرگە چۆمكەيدۇ. قاراڭ! دوپپىچى قىزنىڭ قولىدىكى شاخىنىڭ تىكىلمە قىلىشقىمۇ، ئاسما قىلىشقىمۇ بولىدىغان ئاممىباپ ئەينىكىدە، دېھقان يىگىتنىڭ باھار كەبى زامان قۇياشىدا قىزارغان يۈزلىرى، پوتا باغلىغان چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرى دومبىيىپ، شاپ بۇرۇتلىرى، تور بادام كېيگەن چىلگىدەك بېشى ئەينەكتە كۆرۈنمەكتە. يىگىت ئەينەكتىكى سىماسىنى كۆرۈپ، سۇمباتلىق بىلەن كۈلدى. قىز ئۆز دوپپىسىنىڭ، مېھنىتىنىڭ ئىشچانلارنى گۈزەللىككە پۈركىگەنلىكىدىن شادلىنىپ سۇمباتلىق بىلەن كۈلدى. ھەممە كۈلدى، دەۋران كۈلدى.

بېشىغا دوپپا كېيىۋالغان، قولىغا دوپپا ئېلىۋالغان، خېرىدارغا دوپپا كېيدۈرۈپ داڭلاۋاتقان دوپپىچىلار؛ ئالدىغا تەنزە قويۇپ دوپپا تىزىۋالغان دوپپىچىلار؛ چاققان ـ چاققان دۇكانلارغا دوپپىغا سانجىلغان يىڭنىدىن كۆپ قوزۇق قېقىپ دوپپا ئېسىۋەتكەن دوپپىچىلار؛ سېۋەتتىكى دوپپىلار، ياغلىقتىكى دوپپىلار، دۇكاندىكى دوپپىلار، ئېھا! دوپپىلار دۇنياسى، گۈزەللىك دۇنياسى، مانا مۇشۇ مەركىزىي دوپپا بازىرىدا، مېھنەتكەش، ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، خۇشخۇي قەشقەر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ چىۋەر قوللىنى، ئۇلارنىڭ گۈزەللىك شەيداسى دىلىتانىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ھېيتگاھدا ناغرا ياڭرىدى، سۇناي شادىيانىگە چېلىندى ؛ دوپپا بازىرى شادلىققا چۆممەكتە، دوپپىلار شادلىققا چۆممەكتە. قەشقەرنىڭ نوچى يىگىتلىرى شادلىققا چۆممەكتە.

دوپپا بازىرى ئۈزۈلمەس رىشتە. دوپپا بازىرى دەۋرنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان تومۇرى. دوپپىلاردا ئەل بىلەن تومۇرداش قەلبلەر سوقماقتا. تومۇرلاردا خوتۇن ـ قىزلار غۇبارسىز ھايات ھېسلىرى، قەشقەرنىڭ پارلاق ئەتىسى، گۈزەللىك دۇنياسى جىلۋە قىلماقتا.

مۇتەللىپ سىدىق

# مىسىردا ئۆتكەن بىر يىل

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

ئانىلار بايرىمىدا گېزىت، رادىئو ۋە تېلېۋىزورلار ئاياللارغا دائىر مەخسۇس ئاڭلىتىشلارنى بېرىدۇ. بالىلار بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ھەدىيە بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز ئانىلىرىغا تەقدىم قىلىدۇ. كىنو - تىياتىرخانىلار ئانا - بالىلار تۇرمۇشىغا دائىر كىنو ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى قويۇپ، ئاياللارنىڭ ئورنىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

ئاياللارنى ھۆرمەتلەش — پۈتكۈل مىسىر جەمئىيىتى ئېتىراپ قىلىدىغان ئاممىۋى ئەخلاقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشقا قاراپ ماڭغان. كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا ئاياللارغا ئورۇن بېرىش ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر بىرەر بالا كۆتۈرگەن ئايال ياكى ئاجىز، قېرى ئاياللار ئاپتوبۇسقا چىقىپ قالسا، ئەرلەر ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ بېرىدۇ، بوش ئورۇنلارنى ئەرلەر ئالدى بىلەن ئاياللارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. بۇ، جەمئىيەتنىڭ تەشۋىقاتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئاپتوبۇسلارنىڭ ئەينەكلىرى ۋە كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان جايلىرىغا «ئاياللارغا خاس»، «ئاياللار ئولتۇرۇشقىلا بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش خەتلەر يېزىلغان. بەزى ئاپتوبۇسلاردا بىرىنچى رەت ئاياللار ئۈچۈن، ئىككىنچى رەت قېرى، ئاجىزلار ئۈچۈن، ئۈچىنچى رەت ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۈچۈن دەپ يېزىپ قويۇلغان.

مىسىردا شەخسىي كىچىك ماشىنىلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاياللار ۋە ياش قىزلار ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىش مۇمكىن. قاھىرە شەھىرىدە ھەر تۆت كىشىگە بىردىن كىچىك ماشىنا توغرا كېلىدۇ. ۋېلسىپىت ئىشلىتىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ۋېلسىپىت ساقلاش ئورۇنلىرىمۇ يوق. ئاياللار زادىلا ۋېلسىپىت مىنمەيدىكەن، لېكىن كىچىك ماشىنىدا ئاتا بىلەن قىز بىر يەرگە چىقسا قىزى، ئەر - ئايال بىر يەرگە چىقسا ئايالى، بىر ئائىلىدىكى بىر نەچچە كىشى بىر يەرگە چىقسا يەنىلا قىزلىرىدىن بىرى ھەيدەيدىكەن. بۇمۇ، قىز ۋە ئاياللار ئەركىنلىكىنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى، ئەلۋەتتە.

مىسىر ئاياللىرى بەزى دىنىي سورۇنلارغا بېرىپ، كوللېكتىپ دىنىي پائالىيەتلەرگىمۇ قاتنىشالايدۇ. ئاياللارنىڭ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن، بەزى مەسچىتلەردە مەخسۇس توسۇپ قويۇلغان جايلار بار ئىكەن. مەسىلەن: مىسىرنىڭ قەدىمكى شەھەر سېپىلى ئورۇنلاشقان «غالىبىيەت» شەھەر رايونى تەۋەسىدە «ئۆمەر ئىبىن ئاس» ناملىق كاتتا بىر مەسچىت بار. ئۇ مىلادى 642 - يىلى، يەنى ھىجرەتتىن 20 يىل كېيىن، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ دەۋرىدە، مەشھۇر ساھابىلاردىن بولغان ئۆمەر ئىبىن ئاس مىسىرنى




پەتھى قىلغاندا سېلىنغان بولۇپ، 1348 يىللىق تارىخقا ئىگە تۇنجى ئىسلام ئىبادەتخانىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەسچىتتە ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن باش كۆرۈنمىگىدەك ئېگىزلىكتە

توساق ياسىلىپ ئايرىپ قويۇلغان بولۇپ، ھەر جۈمە كۈنى مەسچىت ئەتراپىغا يىپ-
قىن جايدىكى ئاياللار باشقا ئىشىك بىلەن كىرىپ، ئەرلەر بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ناماز
ئوقۇيدىكەن. مۇنداق مەخسۇس ئايرىلغان جايلار يەنە بىر قانچە مەسچىتلەردىمۇ بار.
بىر قىسىم ئايالار جۈمە نامىزىغىلا كېلىپ قالماي، باشقا بەش ۋاقلىق نامازنىمۇ مەس-
چىتتە ئوقۇيدىكەن. مەشھۇر ئەزھەر جامەسىدە بىر جۈمە كۈنىلىكى نامازدىن بۇرۇن بىر
مۇنچە ئايالارنىڭ نامەلۇم بىر ئۆلۈما ئەتراپىغا يىغىلىپ، سۆھبەت ئاڭلاۋاتقانلىقىنى
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەمما، تەپسىر كىتابلىرىدا ئايالارنىڭ
نامازنى ئۆيدە ئوقۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن،
«ئايالار پاك ئەمەس» دەپ پەتىۋا قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مەسچىتلەرگە بېرىشىچەكلىنىدۇ.
ئەكسىچە، بەزى مىسىرلىقلار: ئايالار جامائەت نامىزىغا كېلىپ، دىنىي ئەمىر-مە-
رۇپلارنى، شەرىئەت قائىدە-نىزاملىرىنى، ھەدىس ۋە تەپسىرلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ
دىنىي ئەقىدىسى كۈچىيىدۇ. پەرزەنتلەرنى ئەدەب-ئەخلاقلىق، مۆمىن كىشىلەردىن قى-
لىپ تەربىيىلەپ چىقىشقا پايدىلىق، دەپ تونۇيدىكەن.

مىسىردا يەنە، ئايالارنىڭ قۇربان ھېيت ۋە روزا ھېيت مەزگىللىرىدە، زاراتگاھ-
لىقلارغا بېرىپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشى، ھۆرمەتتە ئۈستۈن بول-
غان پېشقەدەم ئايالارنىڭ مۇردىسى ئارقىسىدىن مېڭىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ. پە-
قەت مۇنداق چاغلاردا ئۇلار پۈتۈنلەي قارا كىيىم كېيىشى ۋە قارا ياغلىق سېلىشى كېرەك.

بالىلارغا كۆيىنىش، ئۇلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئەجدادلىرىنى سۆيۈش روھى
بىلەن تەربىيىلەش — مىسىر جەمئىيىتىدە ھەممە كىشى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپ-
پىياتتۇر. سىز قايسىبىر دەم ئېلىش كۈنى ياكى بايرام كۈنلىرى بولسۇن، نۇرغۇن ئا-
تا-ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئەديال، پالاس ۋە يېمەكلىكلەرنى كۆ-
تۈرۈپ، باغچىلارغا، كۆڭۈل ئېچىش كلۇبلىرىغا ۋە باشقا مەنزىرىلىك جايلارغا كېتىپ
پۈتۈن ئائىلە بويىچە ئارام ئالىدىغانلىقى، كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقى ياكى باشقا مەنىلىك
پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمىسىڭىز كېرەك. ئۇلار بىر كۈنلۈك ۋاقتى-
نى تولۇق سەرپ قىلىپ بالىلىرىنى ئوينىتىدۇ. بولۇپمۇ، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت،
باھار بايرىمى (4-ئاينىڭ 16-كۈنى)، يېڭى يىل (ھىجرىيە)، مەۋلۇد (ھىجرىيە 4-
ئاينىڭ 12-كۈنى)، ئۆكتەبىر بايرىمى (10-ئاينىڭ 6-كۈنى) قاتارلىق چوڭ-چوڭ
بايراملاردا مىسىرلىقلار ئۈچ كۈندىن تۆت كۈنگە قەدەر دەم ئېلىش قىلىدۇ. بۇ مەزگىل-
دە بەزى ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنى نىل بويلىرى ۋە قاھىرەنىڭ مەنزىرىلىك جايلىرىنى
ساياھەت قىلدۇرىدۇ، بەزىلەر شەھەردىكى مۇزېيلارنى، كاتتا مەسچىت-جامەلەرنى، قە-
دىمكى قەلئەلەرنى، ئەھراملارنى، مەشھۇر شەخسلەر ۋە قەھرىمانلارنىڭ قەبرىلىرىنى
زىيارەت قىلدۇرىدۇ. بالىلىرىنى باشلاپ بېرىپ، دۇكانلاردىن ئويۇنچۇق سېتىۋالىدۇ، كى-
تابخانىلاردىن ھەر خىل بالىلار كىتابلىرىنى ئېلىپ بېرىدۇ. بالىلارنىڭ كىتاب ئېھتىيا-
جىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مىسىرنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى ھەر يىلى بىر قېتىم خەلقئا-
را كىتاب كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ سىرتىدا، مەخسۇس بالىلار كىتابلىرى يەرمەن-
كىسى ئاچىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قاھىرە شەھىرىدە ئون نەچچە ئورۇندا مەخسۇس بالىلار

كىتابخانىلىرى بار. بۇ خىل شارائىتلار بالىلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ تەبىئەتكە، پەنگە قىزىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىدىلا قالماستىن، بەلكى داھىلارنى سۆيۈش، ئاتا - ئانا ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ھېسسىياتىنى يېتىشتۈردۇ. رەئىس مۇبارەكنى كىچىكتىن - چوڭغا قەدەر ھەممە كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقى ۋە چىن كۆڭلىدىن ئۇنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى بۇنىڭ پاكىتى. بىر كۈنى مەن كوچىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭدىن: «ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئىسمىڭ نېمە؟» دېگەن سوئاللارنى سورىدىم. ئۇ، سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىپ بولۇپلا، «سەن قەيەردىن؟»، «بىزنىڭ رەئىسىمىزنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «مەن جۇڭگودىن، سىلەرنىڭ رەئىسىڭلارنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ھۆسنى مۇبارەك!» دەپ جاۋاب بېرىشىمگىلا، ئۇ، خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە «خۇش كەپسەن، رەھمەت ساڭا!» دېدى.

بىر جۈمە كۈنى رەئىس مۇبارەك يەمەن رەئىسى ئابدۇللا سالىھ بىلەن بىللە ئەزھەر جامەسىدە جۈمە نامىزى ئوقىدى. مەنمۇ بۇ كۈنى ئەزھەرنى كۆرۈش ئىستىكىدە بۇ يەرگە بارغانىدىم، تاساددىپەن ئىككى رەئىسنىڭ كەلگەن ۋاقتىغا ئۇچراپتىمەن. بۇ ئىش مېنى تېخىمۇ خۇشال قىلدى. بۇ كۈنى جامەنىڭ ئالدى ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ۋە ئەتراپ ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەنىدى: دەرۋازىنىڭ بىر تەرىپىگە ئىككى رەھبەرنىڭ چوڭ ئېتىلغان رەڭلىك سۈرىتى ئېسىلىپتۇ. چوڭ ئىشىكتىن تاكى ناماز ئوقۇيدىغان جايغىچە 200 مېتىردەك ئارىلىققا رەڭدار رەختلەردىن بىر سۈنئىي كوچا ياسىلىپتۇ. كىشىلەر ئاياغلىرىنى ئىشىك تۈۋىدىلا سېلىپ يالاڭئاياق ماڭاتتى. زالغا كىرسەك، ئادەتتىكى خادىملارنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ئىككى كىشى ئىچكى ئىشىكتە تۇرۇپ، كىرگەنلەرنىڭ قاياق تەرەپتىن ئورۇن ئېلىشىنى ئۇدۇللۇق كۆرسىتىپ بېرىۋاتاتتى. مەنمۇ شۇ بويىچە بىر ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇم. ھەممە يەرگە رەڭلىك گىلەملەر سېلىنغان، ھەربىر قەدەمدە بىردىن ئاسما چىراغ يورۇپ تۇرغان. بۇ چوڭ، ھەيۋەتلىك جامە بۈگۈن بەكمۇ سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. جامائەت رەتلىك ئولتۇرۇپ خۇتبە ئاڭلاۋاتاتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرلىرى ئاللىبۇرۇن كىرىپ، دەسلەپكى كۆرۈنۈشلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋاتقانىكەن. خاتىپ خۇتبە ئاخىرىدا، رەئىس مۇبارەكنىڭ بۈگۈن يەمەن رەئىسى بىلەن بىللە ئەزھەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى مەدھىيىلەپ، بىر نەچچە ئېغىز سۆز قوشۇپ قويدى. جامائەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى. مەن خاتىپنىڭ سۆزىدىن مۇبارەكنىڭ ئالدىنقى رەتتە بارلىقىنى، بۇرۇنلا ئورۇن ئېلىپ بولغانلىقىنى بىلدىم. نامازدىن كېيىن جامائەت گۇرررىدە ئۇلارنىڭ قايتىش يولىغا قاراپ ماڭدى. مەنمۇ بۇ ئىككى رەئىسنى ئوچۇقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىغا قىستىلىپ كىردىم. مۇبارەك كىشىلەر توپىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ھەممە بىردەك: «ئامىن! ئامىن!» دەپ توۋلاشتى. بۇ، ئاممىنىڭ ئۆز رەئىسىگە تىنچ - ئامانلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىگەنلىكى ئىدى. مۇبارەكمۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتكەندە، قول ئىشارىتى قىلىپ كۆپچىلىككە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بۇ چاغدا مەنمۇ مىسىرلىقلار قاتارىدا

ئۆزۈمنى شەرەپلىك ھېس قىلدىم. چۈنكى بۇ بىر كۈن مېنىڭ ھاياتىمدىكى تارىخىي كۈن بولغانىدى.

ئەمما، دوستۇم، سىزگە نىسبەتەن بۇ تېخى مىسىر ۋە مىسىرلىقلار ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمنىڭ مۇقەددىمىسى، ئەمدى يەنە يېڭى بىر ماۋزۇغا ئۆتۈشمگە رۇخسەت قىلىڭ.

## مىسىر ئەھراملىرى

قەدىمكى مىسىر فىرئەۋنلىرى بۇ دۇنيادا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەستىن، بەلكى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىپ ئىلاھقا ئايلىنىپ، باقىي دۇنيانىڭمۇ ھۆكۈمرانى بولۇش خىيالىنى قىلىشاتتى. قەدىمكى مىسىر دىنى ۋە ئەپسانىلىرى بويىچە بولغاندا، جەسەتنى بىجىرىم ساقلاپ قالغاندىلا، ئاندىن روھقا تۇرىدىغان جاي چىقارمىش ۋە روھ تىرىلەرمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنلا، ئۆزلىرىگە قەبرە سالدۇرۇشقا تۇتۇش قىلىپ، قەبرە ئورنىدا غايەت زور ئەھراملارنى ياساپ، ئۇنى ئۆز جەسەتلىرىنى قويىدىغان جاي، ئۆلۈپ قايتا تىرىلگەندىن كېيىنكى «مەڭگۈلۈك جەننىتى» قىلىشقان. شۇڭا، ئەھراملار «فىرئەۋنلەرنىڭ قەبرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇلى تۆت چاسا شەكلىدە بولۇپ، ھەر بىر تەرىپى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە يۇقىرىغا قاراپ قوپۇرۇلغان.

ئەھراملار نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا، جەنۇبتىن قاھىرەگە ئون كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان جىزە رايونىغا تارقاق جايلاشقان بولۇپ، چوڭ-كىچىك ئەھراملار 70 تىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە پادىشاھ خوفۇ ياساتقان ئېھرامنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ. ئۇ، جەمئىي ئىككى مىليون 300 مىڭ پارچە تۆت چاسا تاشتىن قوپۇرۇلغان. ھەر بىر تاشنىڭ ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئىككى يېرىم توننا كېلىدۇ. ئېھرامنىڭ ئېگىزلىكى بولسا 138 مېتىر، ھەر بىر تەرەپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 220 مېتىر، ئايلانمىسى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئەھراملارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ئۈچ ئەھرام بولۇپ، بۇنىڭمۇ شىمال تەرەپتىكى ئىككىسى چوڭ، جەنۇبتىكى بىرسى كىچىكرەك. بۇ ئۈچ ئەھرام بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە توغرا كېلىدۇ. چوڭ ئەھرامنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىلا ھەيۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىچىدە يەر ئاستى ئورىدا ۋە ئۇنى تۇتاشتۇرىدىغان يەر ئاستى يولى بار. يېقىنقى مەزگىللەردە، زىيارەتچىلەرنىڭ كىرىپ-چىقىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بۇ يوللارغا توك چىراغلىرى ئورنىتىلغان ھەم ئۆرلەش شوتىسى ياساپ قويۇلغان.

پۈتۈن قۇرۇلۇش ناھايىتى پۇختا لايىھەلەنگەن بولۇپ، بۇ، ئىنسانلارنىڭ بىناكارلىق تارىخىدىكى ئاجايىپ مۆجىزە، قەدىمكى مىسىر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى.

خوفۇنىڭ ئوغلى خافرانىڭ ئەھرامى چوڭ ئەھراملاردىن سەككىز مېتىر پەس. خوفۇدىن كېيىن بىر نەچچە سۇلالىچە ئۆتكەن فىرئەۋنلەرنىڭ ھەممىسى ئەھرام سالدۇرغان. لېكىن بۇلارنىڭ كۆلىمى بىر-بىرىدىن كىچىكلەپ بارغان. بۇ ھال فىرئەۋنلەرنىڭ پەيدىنپەي ئاجىزلاپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇ ئەھراملارنى ياساشقا ھېسابسىز ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەقەت بىرىنچى چوڭ ئەھرام ئۈچۈنلا 100 مىڭ ئادەمنىڭ 30 يىل ۋاقتى كەتكەن.

چوڭ ئۈچ ئەھرامدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، گىگانت چاسا تاشلارنى چاك باسۇرۇپ ياساپ چىققان تاش ئۆي بولۇپ، ئۇ، فىرئەۋنلەر دەۋرىدىكى ئىبادەتخانا ئىكەن. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىدە غايەت زور شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل بولۇپ، ئېگىزلىكى 22 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 57 مېتر، بىر قۇلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقىلا ئىككى مېتر كېلىدۇ. كېيىن نەچچە مىڭ يىللىق قۇم - بوران ھۇجۇمى تۈپەيلىدىن، شىرنىڭ قۇيرۇق ۋە دۈمبە قىسىملىرى ئۆپراپ، قىسقىراپ كەتكەن. ئۇ، ئەسلىدە خۇفۇنىڭ ئوغلى خافىراغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئىكەن. ھازىر بۇ ھەيكەلنىڭ ئىسمى مىسىرلىقلار ئېغىزىدا «ئەبۇل ھەۋلە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، ئىنسانىدىكى جىسمانىي قۇۋۋەت بىلەن ئەقىل كۈچىنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەھراملار ۋە ئەبۇل ھەۋلە ھەيكىلى ھازىر مىسىرنىڭ ئەڭ مەشھۇر ساياھەت نۇقتىلىرىغا ئايلاندى. ھەر كۈنى يۈزلەپ - مىڭلاپ چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە يەرلىك خەلق بۇ يەرگە كېلىپ ھەيرانلىق بىلەن ئەھراملارغا نەزەر سالىدۇ. مىسىر ھۆكۈمىتى بۇ ئورۇننى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس خادىملارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلغان ۋە بېلەت سېتىپ زىيارەت ھەققى ئېلىشنى يولغا قويغان. ئەھرامنىڭ يېنىغىچە ئاسفالىت يول ياسىلىپ، ساياھەت ماشىنىلىرىنىڭ قاتنىشىغا قولايلىق يارىتىلغان. لېكىن كۆپ ساندىكى ساياھەتچىلەر بۇ يەردە پىيادە مېڭىپ ياكى ئات، تۆگىلەرگە مىنىپ ئايلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا يەرلىك خەلقلەر ساياھەتچىلەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن تۆگە، ئاتلارنى جابدۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ بارىدىكەن ۋە ھەق ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئايلىنىشى ۋە رەسىمگە چۈشۈۋېلىشى ئۈچۈن بېرىدىكەن. بەزىلەر ساياھەتچىلەرنى كۆپرەك جەلب قىلىش ئۈچۈن، تۆگە، ئاتلىرىنى ئېسىل جابدۇقلار بىلەن توقۇپ، ئۇلارغا ھەر خىل پوپۇكلار ۋە كولدۇرمىلارنى ئېسىپ، ناھايىتى چىرايلىق قىلىۋېتىدىكەن ھەمدە ساياھەتچىلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ، ئۇلارنى ئاخىرى ئۆز تۆگە - ئاتلىرىنى ئىشلىتىشكە ئۇنۇتۇپ، پۇل تاپىدىكەن.

سىز بۇنى ئاددىي تاپاۋەتكەن دەپ قالماڭ، مىسىرلىقلار ئەھرامنى ئۆزىنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل مىراسىدىن چەكسىز ئىپتىخار ھېس قىلىدۇ. ئۇ، مىسىرلىقلار ئۈچۈن بىھېساب بايلىق، تارىخنىڭ ھېچقانداق دەۋرىدە، يەر شارىنىڭ ھېچقانداق بىر جايىدا بۇ ئەھراملارغا ئوخشاش مۆجىزە يارىتىلغان ئەمەس، نىل ئوغۇل - قىزلىرى ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ماختىنىشقا ھەقلىق.

## نىل دەرياسى

نىل دەرياسى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن دەريالارنىڭ بىرى. ئۇ، ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى ۋىكتورىيە كۆلىدىن باشلىنىپ، ھەبەش تاغلىرىدا ئۇلغىيىپ، سۇدان ئېگىزلىكىدە چوڭ ئېقىنغا ئايلىنىپ، مىسىرنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ. ئومۇمى

ئۇزۇنلۇقى 6 مىڭ 700 كىلومېتىر كېلىدۇ. مىسىر ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇقىلا بىر مىڭ 200 كىلومېتىردىن ئارتۇق.

نىل دەرياسى مىسىرغا جەنۇبتەرەپتىن كىرىپ، زېمىننى ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ. شەرقىي قىسمى مىسىر زېمىنىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى، غەربىي قىسمى ئۈچتىن ئىككىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىسىر ئەسلىدە قۇملۇق سەھرا بولۇپ، ئەگەر نىل دەرياسى بولمىغان بولسا شەرق بىلەن غەربتىكى قۇملۇق تۇتىشىپ، مىسىر پۈتۈنلەي چەكسىز قۇملۇققا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى.

مىسىر نىل دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا نىلنى بويلاپ ئورۇنلاشقان بولۇپ، خۇددى ئۇزۇن بىر تال ئاغامچىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۆلەتنى نىل دەرياسى تۇغقان دېيىشمۇ بولىدۇ. قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ھىرودۇتىسمۇ: «مىسىر — نىلنىڭ تۆھپىسى» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

نىل دەرياسىنىڭ سۈيى مول بولۇپ، قىش - ياز توختىمايدۇ. ئۇ، مىسىر ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى. شۇڭا نىل دېمەك — مىسىر دېمەكتۇر.

نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئەمگەكچان، باتۇر مىسىر خەلقى جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، نىل ۋادىسىنى گۈللەپ ياشناتتى. ئۇنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئاۋات شەھەر - يېزىلار قەد كۆتەردى. ئۇلارنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر يول ۋە تاشيوللار ياسالدى. كۆز يەتمەيدىغان مۇنبەت تېرىلغۇ مەيدانلىرى ۋە خورمىزارلىقلار بارلىققا كەلدى. مىسىر نىل سۈيىدىن پايدىلىنىپ، شال، پاختا، بۇغداي، شېكەر قونىقى، دادۇر قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرىدۇ.

نىل دەرياسىنىڭ سۈيى ھەر يىلى بىر قېتىم ئەۋجىگە چىقىپ، تاشقىن پەيدا بولىدۇ. بولۇپمۇ، 8- ئاي مىسىرنىڭ تاشقىن مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. مىسىرلىقلار، بولۇپمۇ، دېھقانلار بۇ مەزگىلدە خۇشاللىققا چۆمۈپ، چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزىدۇ. چۈنكى نىل دەرياسىنىڭ سۈيى كۆپەيسە، تېخىمۇ كۆپ تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغارغىلى ۋە ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. دېھقانلار بۇ چوڭ مەرىكىنى «نىل سۈيىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىلىنى خاتىرىلەش بايرىمى» (ئىسىدۇ ۋەفا ئۇن نىل) دەپ ئاتايدۇ. كىشىلەر بۇ پۇرسەتتە ئاللادىن ياخشىلىق ۋە بەخت ئۈمىد قىلىشىدۇ. ئۇلار يەنە ئاللادىن تاشقىننىڭ زىيىنىنى يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بايرام كۈنلىرىدە ھەممە يەر رەڭگا - رەڭ چىراغلار ۋە تۇغ - ئەلەملەرگە قاپلىنىدۇ. داڭلىق ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىدۇ، چالغۇچىلار سازلىرىنى خۇشال پەدىلەرگە ئۇرىدۇ. چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش بىر يەرگە جەم بولۇپ، قەھۋە ئىچىشىدۇ ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشىدۇ.

ھەر يىلى 8 - ئايلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ بايرام، ئۆتكەن يىلى خۇددى بىزنىڭ مىسىرغا يېتىپ بېرىۋېلىشىمىزنى ساقلاپ تۇرغاندەك، 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنىگە توغرا كەلدى. مەن بۇ كۈنى نىل بويىغا بېرىپ، بۇ ئەزىم دەريانىڭ تاماشاسىغا داخىل بولدۇم.

نىل دەرياسى قاھىرە شەھىرىنىمۇ ئىككىگە بۆلىۋېتىدىكەن، ھەتتا بەزى جايلارنى ئۈچكە بۆلۈپ ئېقىپ، ئوتتۇرىدا ئارال شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان گۈزەل شەھەرچاق پەيدا قىلىدىكەن ۋە ئۇ قاھىرە شەھىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات جايلىرى ھېسابلىنىدىكەن.

نىل بويلىرىدا قەۋەت - قەۋەت ئالىي مېهمانخانىلار، رېستورانلار، قەھۋەخانىلار، قاينام - تاشقىنلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى بار ئىكەن. دەريا بويىنىڭ كەچكى مەنزىرىسى تېخىمۇ ئېسىل بولۇپ، ئېگىز بىنالارنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل ئېلان، ۋېۋىسكىلار خۇددى سىز بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىغاندەك بىردەم كۆرۈنۈپ، بىردەم غايىپ بولۇپ ۋە ھەر خىل شەكىللەرنى ھاسىل قىلىپ، كۆزىڭىزنى چاقنىتىدۇ. دەريانىڭ بىر قانچە يېرىگە ئىككى قاتنى تۇتاشتۇرىدىغان كەڭ، ئېگىز كۆۋرۈكلەر سېلىنغان بولۇپ، چوڭ - كىچىك ماشىنىلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز بۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ تۆت تەرەپكە قارىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى چەكسىز چىراغ دېڭىزى ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز. چىراغ يورۇقىدا نىل دەرياسى ئىنتايىن تىنىق ۋە سىرلىق تۈس ئالىدۇ. شەھەر مەركىزىدىكى «ئەتەبە»، «رامسىس»، «ئازاد» مەيدان دېگەن جايلارغا ئوخشاشلا، نىل بويلىرىدىكى ئاۋات كوچىلاردا يېرىم كېچىدىن ئۆتكىچە ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ. مىسىردىكى بۇ ھال كىشىگە ھەر قاچان ئەزىزانە قەشقەرنى ئەسلىتىدۇ.

كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ كەچ سائەت 12 كىچە قەدەر قاتناپ، قاھىرەنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن. ئەگەر سىز كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، نىل بويلىرىنى ئايلىنىپ كەلمەكچى بولسىڭىز، بۇ ئاپتوبۇسلارنىڭ ياردىمى بىلەن خالىغان جايغا بېرىپ، يەنە قايتىپ كېلىشكە بىمالال ئۈلگۈرەلەيسىز.

نىل دەرياسى شۇنچە ھەيۋەتلىك ۋە مەغرۇر بولسىمۇ، يىراق تارىم ۋادىسىدىن، جۈملىدىن قەشقەر دىيارىدىن كەلگەن ئۇيغۇر دوستىنى ئىللىق قارشى ئېلىپ، باغرىدىن ئورۇن بەردى. گۈزەل جامالىنى كۆرسىتىپ، ھوزۇر بەخش ئەتتى. نىل، سەن ھەقىقەتەن مەرد ۋە سېخى! سەن مېنىڭ كۆز ئالدىمدا دائىم جىلۋىلىنىپ تۇرىسەن. نىل، ماڭا يول قويغىن، مەن تېخى سېنىڭ قىرغاقلىرىڭنى بويلاپ، جەنۇبتىكى ئۇزاق ساھىللىرىڭغىچە قەدەر باراي.

(داۋامى بار)

(بېشى 123 - بەتتە)

— بولىدۇ، نېمىشقا بولمىسۇن، شاھنىڭ ۋەسىيىتى — ۋەسىيەتتۇر. ئېسىپ قويساق بولۇۋېرىدۇ. پادىشاھ بۇ ۋەسىيىتى ئارقىلىق: «مەن بۇ قىلىچ بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ بېشىنى كېسىپ قان كېچىپ نۇرغۇن جەڭگى - جېدەل دارازالار بىلەن شاھلىق تەختىمدە بەقارار بولغانىمدىم، لېكىن ئۆمۈر ۋە تەخت ماڭا مۇشۇنچىلىكلا ۋاپا قىلدى. جەسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان تەخت، قان دەرياسىدا كۆكەرگەن بەخت كىشىگە ۋاپا قىلمايدىكەن. قىلىچلا بولىدىكەن قان تۆكۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىلىچلارنى سۇندۇرۇڭلار، قان تۆكمەڭلار، قانخورلۇق قىلماڭلار» دەپتۇ. بىز پادىشاھىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلايلى. جەڭگى - جېدەللەرنى تاشلاپ، تىنچ - ئىناق ياشايلى دېگەنىكەن، ھەممەيلەن قايىل بوپتۇ.

سۆزلەپ بەرگۈچى: سەمەن يېزا تۇغ كەنتى ئارا مەھەللىدىن. پاتەمخان قۇربان (72 ياش)، يېزىۋالغۇچى: ئابدۇكېرىم ئەخمەت.

كىرىمجان ئابدۇرېھىم

## پروزىچىلىقنىڭ يېڭى قوللانمىسى*

ئۈمىدسىزلىك، يېتىمسىراش، ئىرادىسىزلىك، تەقدىرگە تەن بېرىش، ئىنكارچىلىق، شەپقەتسىزلىك، سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش، ھەتتا ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەش — يېڭى تۈيغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىكى تۈپ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەمەلىيەتتە دەۋر روھى بېكىتكەن بولۇپ، بۇ خىل روھىي ھالەت، كەيپىيات، ئىدىيىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى دەۋر ۋە شۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئومۇملىق ھېسابلىناتتى.

يېڭى تۈيغۇچىلار ئىجادىيەتتە «ئۆزۈم مەركەز» تەلىماتىغا چوقۇنىدىغانلار بولۇپ، «مەن بارلىق مەۋجۇتلۇقلارنىڭ مەركىزى. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ‹مېنىڭ› ئىپادىلىنىشىم. ماھىيەتتە پەقەت سۇبيېكتىپ تۈيغۇ ئارقىلىقلا دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئۇلارنىڭ بەدىئىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ، مۇنداق نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) ئۇلار تۈيغۇنى ئىپادىلەش شەكلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. تۈيغۇنى بىۋاسىتە ئىپادىلىمەي، بىشارەت، سىمۋول ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ.

(2) ھېسسىياتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، بىۋاسىتە كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەرنى كۆرسىتىپ، ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تەسەۋۋۇر ئارقىلىق «يېڭىچە رېئاللىق يارىتىپ» ئۇنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت، گۈزەل بەدىئىي تىل ۋە باشقا ۋاسىتىلار ئارقىلىق جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

(3) قىلىقلاندۇرۇش، تەمسىل قىلىش، مۇبالىغە قاتارلىق ھېسسىلىقى كۈچلۈك ۋاسىتىلار ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى ۋە روھىي دۇنياسىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈيغۇسىنى، تەسىراتىنى، ھېسسىياتىنى كۆرسىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

(4) كىنو - تېلېۋىزىيىدىكى مونتاژ شەكلىنى ۋە ئاڭ ئېقىمى پروزىچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئۇسۇل - ماھارەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپ، ئەسەر سيۇژېتىنى، قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

### چۈشنى خاتىرىلەش

چۈشنى خاتىرىلەش — ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدا يۇقىرى ماھارەت، ئۆزگىچە ئۇسۇل، يېڭىچە يۈكسەك چىنلىق تەلەپ قىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.




چۈش — ئىنسانلار مەنىۋى دۇنياسىدىكى ئالاھىدە بىر خىل ھادىسە بولغىنى ئۈچۈن قەدىمدىن تارتىپلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ جۈملىدىن پروزا ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ-

* بېشى ئۆتكەن سانىدا

چۈشلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ كەلگەنىدى. گەرچە چۈش ئىنتايىن سىرلىق، ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش، ئۇنى توغرا چۈشەندۈرۈشنىڭ ئىشەنچلىك ئاساسىمۇ، ئۇسۇلىمۇ تېپىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن يازغۇچى ــ شائىرلار چۈش ئارقىلىق ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ جەزبىدارلىقىنى، مۇددىئاسىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەنىدى. يەنە چۈش ئەدەبىي ئەسەرلەر سيۇژېتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

«يوشۇرۇن ئاڭ» نەزەرىيىسىنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىگە كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىرىشى ئەدەبىياتتا «يوشۇرۇن ئاڭ مەزمۇنلىرى»نى ئىپادىلەش قىزغىنلىقىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە «يوشۇرۇن ئاڭ»نىڭ ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى بولغان «چۈش» ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى، يازغۇچىلار چۈشنى خاتىرىلەش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، بولۇپمۇ قەلب چىنلىقىنى يۈكسەك چىنلىق بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتى. نەتىجىدە «چۈشنى يېزىش» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «چۈشنى خاتىرىلەش» دېگەن سۆز قوللىنىلدى ھەم چۈشنى خاتىرىلەشكە يېڭىچە تەلەپلەر قويۇلدى.

چۈش ئادەم ئۇخلىغان چاغدا يۈز بېرىدىغان بىر خىل ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئەقلىنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، يەنە ئۇ بىر خىل ئاڭسىز يۈز بېرىدىغان، مەنتىقىسىز، تەرتىپسىز قەلب پائالىيىتى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، مەزمۇنلىرى تولىمۇ تەرتىپسىز، غۇۋا، قالايمىقان بولىدۇ. لېكىن قەدىمكى ۋە ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتا چۈشنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى بەكلا ئېتىبارسىز قالدى. يازغۇچىلار چۈشلەرنى تەرتىپلىك، مەنتىقىلىق، ئېنىق، قاراتمىلىق قىلىپ يازدى. نەتىجىدە ئەسەرلەردىكى چۈش تەسۋىرلىرى خۇددى رېئاللىق كۆرۈنۈشلىرىگە ئوخشاپلا قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى چۈش تەسۋىرى ئادەملەر ئادەتتە كۆرىدىغان چۈش ھالىتىگە ئوخشىماي قالدى. «چۈشنى يېزىشنىڭ مەھسۇلى» بولغان بۇ خىل ھالەت ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنى بەكلا نارازى قىلدى. شۇڭا بۇلار «چۈشنى ئەينەن خاتىرىلەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشتى، تەشەببۇس قىلىشتى، بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى چۈش تەسۋىرلىرىنى ھەقىقىي چۈش تۈسىگە ئىگە قىلىش، چۈشنىڭ ئەقىلنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلمايدىغان، مەنتىقىسىز، تەرتىپسىز، غۇۋا، قالايمىقان بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشتى، «چۈشنى خاتىرىلەش» نەتىجىسىدە چۈش ئەمدى رېئاللىقنىڭ كېچىدىكى «شەكلى سەل ئۆزگەرگەن ھالىتى» بولماي، ئەكسىچە كۈچلۈك سىمۋول، تەمسىل تۈسىنى ئالدى. ئومۇمەن، بۈگۈنكى زامان پروزىچىلىقىدا چۈش يېزىلمايدىغان بەلكى خاتىرىلىنىدىغان بولدى. مەسىلەن:

«قۇياش ئېغىر نەپەس ئالاتتى.

قۇياش ھايات بىلەن ۋىدالاشماقتا ئىدى.

باچانا، ئىشورام ھەزرەت ۋە بولسىكا تىزلانغان پېتى جان تەسلىم قىلىۋاتقان ئالەم چىرىغىغا قوللىرىنى سوزۇپ يالۋۇرۇشاتتى:

— ئەي قۇياش! بىزنى تەرك ئەتمە، ئۆچمىگىن، ئۆلمىگىن، بۈيۈك ئاپتاپ.

............

شۇ چاغدا ئاپتاپ باچانانىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ ئالقىنىنى قويدى.

............

ئەيسا تۇغۇلغىچە يىگىرمە ئەسىر، تۇغۇلغاندىن كېيىن يەنە يىگىرمە ئەسىر ئۆتتى. شۇ جەريانىدا باچانا بىلەن ئىشۇرام ھەزرەت ئۆچكەن قۇياشنى يەر يۈزىدە كۆتۈرۈپ يۈردى.»

— «مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت» PP 148 — 151.

بۇ چۈشلەرنى باچانا كۆرىدۇ.

چۈشلەرنىڭ ئەقىل كونتروللۇقىغا بويسۇنمايدىغان ئىلمىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم يازغۇچىلار چۈشنى خاتىرىلىگەندە تىنىش بەلگىسى قوللانمايدىغان ئەھۋالمۇ خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. مەسىلەن:

«[...] شېن شياۋچىننى زادى كىم ئۆلتۈردى رەھمەت سىزگە سېستىرا دېرىزىنىڭ پەردىسىنى قايرىۋەتسىڭىز كۆزۈمنىڭ غۇۋالىقى ياخشى بولۇپ قالدى رەھمەت BM تېپىدىكى قان جېلى فېيخۇڭنىڭ ئاياغ ئىزى لۇ كېنىڭ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتىل پېيى سېن سىز ئۇپاتەكلىك ئوغۇرلايدىغان چاشقان سىز مېنىڭ شيەنيېچىلىك جۇرئەتلىك ئەمەس [...] شېن شياۋچىننى ئۇ ئۆلتۈرگەنمىدۇ ئىشىك ئېچىلدى كىم كىرگەندۇ بۇ سىزمۇ پېيى سېن رەھمەت سىزگە [...]»

— چېن فاڭ «يەتتىنچى چەمبەر ئىككىنچى ھالقا ئىچىدىكى ئىككى ئايال» دىن.

## سىمۋوللاشتۇرۇش

سىمۋوللاشتۇرۇش — ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قويۇق سىمۋولىستىك تۈسكە ئىگە قىلىشقا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ھازىرقى زامان پىروزىچىلىقىدىكى ئەڭ ئاساسلىق خاھىشلارنىڭ بىرى.

ھازىرقى زامان پىروزىچىلىقى ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ بۇرۇنقىدەك ئاددىي ھالىدىكى، بىۋاسىتە بولغان ماسلىق مۇناسىۋىتىدىن، شۇنداقلا ئەدەبىياتتا «كونكرېت بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ھالقىپ كەتتى ۋە ئۇنداق ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇقەررەر رەۋىشتە پىروزىچىلىق سىمۋولىستىك تۈسكە ئىگە بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن سىمۋول پىروزا ئەسەرلىرىدە پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى، يوشۇرۇن مەنىلەرنى ئىپادىلەشنىڭ، پىكىرنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ، ئەسەرنى يۈكسەك بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى بىر ۋاسىتىسى بولغاچقا، يازغۇچىلار ئەسەرلىرىنى سىمۋوللاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغۇچىلار قوغلاشقان «كۆپ نۇقتىدىن چېقىپ باھالاشقا، چۈشىنىشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەسەر» مەقسىتىمۇ خۇددى ياقۇتقا ئوخشاش «ئوخشىمىغان تەرەپتىن قارىسا ئوخشىمىغان نۇر چېقىرىدىغان» سىمۋول ئارقىلىق مۇمكىنچىلىككە ئېرىشتى. شۇلار سەۋەبلىك ئەسەرلەرنى قويۇق سىمۋولىستىك تۈسكە ئىگە قىلىش — ھازىرقى زامان پىروزىچىلىقىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ھازىرقى زامان پىروزىچىلىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قويۇق سىمۋولىستىك تۈس بارلىقىنى، ھەتتا بەزى ئەسەرلەرنىڭ (مەسىلەن: «يۈز يىل غېرىبلىق»، «ئازاد قۇشلار») پۈتۈن گەۋدىسىنىڭ سىمۋول ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىقلا ھېس قىلالايمىز. شۇڭا بىر قىسىم ئەدەبىياتشۇناسلار «سىمۋوللاشتۇ-

رۇش خاھىشىنىڭ رول ئوينىشىنى تىلغا ئالماي تۇرۇپ، ھازىرقى زامان پروزىچىلىقى ھەققىدە باشقا نۇقتىدىن چىقىپ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ» دەيدۇ.

## سىمۋول

سىمۋول — بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە، سىمۋوللاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى. ئەڭ ئاددىي چۈشەندۈرگەندە سىمۋول — مەلۇم بىر شەيئى ئارقىلىق يەنە بىر شەيئىنى ئىپادىلەش ياكى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: قىزىل چىراغ، ھىلال ئاي، قىزىل بايراق...

ئەدەبىياتتا سىمۋول پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈش، مەنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەسەرھالىتىنى غۇۋالاشتۇرۇش، تۇراقسىزلاشتۇرۇش مەقسەتلىرىدە قوللىنىلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى سىمۋوللار ئاساسەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلىپ تاللىنىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: تۈلكە، كۆك كۆز ئادەم، بۇغداي ئۆڭ قىز، چايكا، يولۋاس... قاتارلىقلار. لېكىن بۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان، بىلدۈرىدىغان مەنىلىرى ناھايىتى ئېنىق، روشەن، بىۋاستە بولغاچقا، ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرى كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولغان سىمۋوللارنى قوللانماي، ئابستراكىت، يوشۇرۇن مەنىلەردىن بىشارەت بېرىدىغان يېڭىچە سىمۋوللارنى ئىجاد قىلدى. بۇنداق سىمۋول ناھايىتى كۈچلۈك سۇبيېكتىپلىققا ئىگە بولدى. لېكىن بۇ سۇبيېكتىپلىق ئۇرغۇن كىتابخانلارنىڭ سۇبيېكتىپ ھالىتىگە يېقىن بولغاچقا ياكى ئوخشاش بولغاچقا، بۇ سۇبيېكتىپلىقمۇ مەلۇم مەنىدە كوللېكتىپ سۇبيېكتىپلىق بولۇپ كەتكەچكە سىمۋولنىڭ مەنىسى نىسبەتەن كونكرېتلاشتى. «ئازاد قۇشلار» ھېكايىسى سېپى ئۆزىدىن سىمۋولىستىك ئەسەر بولۇپ، بىر قاراشتا ئۇنىڭدا ھېچبىر سىمۋول يوقتەك، ئەسەردە يېزىلغانلىرى بەئەينى بىر ئەپسانىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئىنچىكىلەپ ئويلاپ باقىدىغان بولساق ئۇنىڭدا سىمۋول ئەمەس ھېچنەرسە يوقلۇقىنى بىلىۋالالايمىز. سىمۋولنى بىلىۋالغان ھامانلا ئەسەر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز روشەنلىشىپلا كېتىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بەدىئىي مەپتۇنكارلىقى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممە تەركىبىي قىسىملىرىدا، ئامىللىرىدا سىمۋول بولىدۇ. سىمۋول ئادەتتە مۇھىتتا، پېرسوناژدا، سيۇژېتتا، تىلدا ئەڭ گەۋدىلىك بولىدۇ. بەزى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ سىمۋول بولىدۇ. مەسىلەن: ھېمىنگۋاينىڭ «بوۋاي ۋە دېڭىز» پوۋېستى سىمۋولىستىك ئەسەر. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بوۋاينىڭ تۇتقان بېلىقىنى لەھەڭ — كىتلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغىنى ھەم ناھايىتى ياخشى سىمۋولدۇر.

## ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى

ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى — ئىنسان ئېڭىنىڭ ئەقىل ۋە باشقىلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىمايدىغان ھەر خىل ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر خىل پروزىچىلىق ئۇسۇللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، بۇ ئۇسۇل ھازىرقى زامان پروزىچىلىقىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. مەلۇم مەنىدە ئۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئالاھىدە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇخىل ئۇسۇلنى قوللىنىدىغانلارنىڭ كۆز قارىشىچە، ئىنساننىڭ «ئاڭ ئېقىمى» ئىنسان مەنىۋى پائالىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئەقىلنىڭ كونتروللۇقىنى قوبۇل قىلماسلىقتەك ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر خىل ئېقىم — ئۈزۈلمەس ئېقىن سۈپىتىدە داۋاملىشىپ بارىدۇ. شۇڭا ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى ئىنساننىڭ ئېڭىنى، بولۇپمۇ

يوشۇرۇن ئېڭىمنى ئىپادىلەشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇل دەپتەردە قوللىنىلمىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەقىقىي چىنلىق — قەلب چىنلىقى، قەلب چىنلىقى بولسا ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل تۇيغۇ، تەسىرات، ھېسسىيات قاتارلىق مەنىۋى پائالىيەتلىرىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر تەبىئىي، ئىختىيارسىز، ئېنىقسىز، تەرتىپسىز، ئەقىل كونتروللۇقىغا بويسۇنمايدىغان ھالەتتە بولىدۇ. يازغۇچى مانا مۇشۇلارنى ئىپادىلىگەندە ئاندىن ھەقىقىي چىنلىققا ئېرىشەلەيدۇ، يۇقىرى بەدىئىي ئۇتۇق قازىنالايدۇ. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى پەقەت ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلىلا ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئومۇمەن، ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى قەلب دۇنياسىنى، يوشۇرۇن ئاڭ ۋە ئاڭسىزلىقنى، ئۆزگىرىشچان پسىخىكىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.

ئادەتتە نىسبەتەن كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇللىرى قەلب مونولوگى، باغلانما تەسەۋۋۇر، ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**قەلب مونولوگى**

قەلب مونولوگى — ئاڭ ئېقىمىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ھامان «قەلبنى تەھلىل قىلىش» تۈسىنى ئالغان بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقتا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە كۆرستىشكە زۆرۈر باشقا تەرەپلىرى ئاساسەن پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى تەسۋىرلەش، پېرسوناژلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق كۆرسىتىلەتتى. ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئەسەرلەر ئۇ تەرەپلەرنى پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ پائالىيىتىنى قەلب مونولوگى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كۆرستىش بىلەن ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقتىن روشەن پەرقلەندى. بۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلغاندا بايانچى «ئاڭ ئېقىمى» نىڭ ئۆزى بولدى. يازغۇچى ئۆزىنى مۇتلەق ھالدا ئەسەردىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

قەلب مونولوگى ئۇسۇلى ئەنئەنىۋى پروزا ئەسەرلىرىدىكى پسىخىك تەسۋىرگە ئوخشمايدۇ. پسىخىك تەسۋىر ئىزچىللىققا، مەنتىقىگە، ئېنىقلىققا ئەگە قىلىنىدۇ. لېكىن قەلب مونولوگى تەرتىپسىز، مەنتىقىسىز، غۇۋا، ئەڭ مۇھىمى ئەقىل كونتروللۇقىغا بويسۇنمايدىغان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلب مونولوگىدا بايانچى، بولۇپمۇ پېرسوناژ مۇتلەق «ھوقۇقلۇق» ھالدا ئەسەرنى داۋاملاشتۇرۇپ بارىدۇ.

قەلب مونولوگىنى سەل كونكرېتراق چۈشىنىش ئۈچۈن مۇنۇ مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

«... پايپىقىم تورۇلۇپ قاپتۇ، مەن بۇنىڭغا چىداپ بولالمايمەن. تازا قامىلاشمىغان بىر ئىشتە. بۇ ئەدەبىياتچىلار - زە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بولۇت ئۈستىدە خام خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ. ھەممىسى غۇۋا، بەئەينى چۈشتە كۆرگەندەك، ھەممىسلا سەمۇول، ئىستېتىكىزمچىلار، بارى مۇشۇنداق ئادەملەر. ئەگەر مۇشۇنداق يېمەكلىكلەر مېڭىدە راستىنلا ئەشۇنداق ئىدىيە پەيدا قىلالىسا، شېئىرلاردىكى ئىدىيە، بەلكىم مەن ئۇلارغا ھېچ ھەيران قالماسمەن...»

بۇ — جامېس جويسىنىڭ «يولىسىس» رومانىنىڭ بىر پارچىسى. ئۇنىڭدا يېزىلغىنى بېرومىنىڭ دوبلىندىن كوچىسىدا كېتىۋاتقاندىكى قەلب مونولوگى.

قەلب مونولوگى ئادەتتە ئىككى خىل شەكىلدە بولىدۇ. بىر خىل شەكلىدە قەلب

مونولوگى بىۋاستە بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىرىنچى شەخس ئالمىشى«مەن» بايانۋاستىسى قى-
لىنىدۇ. ھەممىنى پېرسوناژ ئۆزى دەيدۇ. يەنى يۇقىرىدىكى مىسالدا كۆرگىنىمىزدەك. يە-
نە بىر خىل شەكلىدە قەلب مونولوگى ۋاستىلىق بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئۈچىنچى شەخس ئالمى-
شى «ئۇ» (بەزى ھاللاردا ئىككىنچى شەخس ئالمىشى «سەن») بايان ۋاستىسى قىلىنىدۇ.
لېكىن «ئۇ مۇنداق ئويلىدى»، «ئۇ مۇنداق دېدى» دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلەر ئاساسەن
بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن:

«سەن ئىشلەشنى بىلىۋالدىڭمۇ؟» ستېفان سورىدى.

«بىلەلمىدىم، مۇئەللىم» (دەپ جاۋاب بەردى ساكىنت).

... مۇبادا ئۇ بولمىغان بولسا، ئۇ [ساكىنت] ئالدىقاچان جەمئىيەتنىڭ تاپىنى ئاس-
تىدا قېلىپ، سۆڭىكى يوق بىر كۆككۆيۈنگە ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى.»

بۇمۇ «بولىشىس» تىن ئېلىنغان پارچە. «مۇبادا ئۇ بولمىغان بولسا...» دېگەنلەر
ئەمەلىيەتتە ساكىنتنىڭ قەلب مونولوگى، ئۇنى باياناتچى ھېچقانداق چۈشەندۈرۈشلەرسىزلا
خاتىرىلەپ بەرگەن.

**باغلانما تەسەۋۋۇر**

باغلانما تەسەۋۋۇر — ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار-
نىڭ كاللىسىدىكى مەلۇم بىر چۈشەنچە ياكى كۆز ئالدىدىكى مەلۇم بىر كۆرۈنۈشنىڭ ۋە
ياكى خىيالىدىكى مەلۇم بىر تۇيغۇ ھېسسىياتنىڭ بۇ چۈشەنچە، كۆرۈنۈش، تۇيغۇ ھېس-
سىيات بىلەن بىۋاستە شەرتلىك ياكى سەۋەب نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا بىر
چۈشەنچە، كۆرۈنۈش، تۇيغۇ ھېسسىيات بىلەن باغلىنىپ قېلىشىغا قارىتىلىدۇ. بۇلاردا كۆ-
رۈنۈشتە بىرەر ئورتاقلىق يوقتەك ياكى ئۇلار مەلۇم بىر ئىدىيە، مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت
قىلالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ماھىيەتتە بولسا ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىچكى باغلىنىشلار بولى-
دۇ ۋە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدە پېرسوناژنىڭ ئاڭ ھالىتى تېخىمۇ جانلىق، كونى-
كرېت ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلار پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ ھەرىكىتىنى، ھالىتىنى تېخىمۇ
بىۋاستە كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن باغلانما تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىغا كۆپ مۇراجىئەت قىلىدۇ.

باغلانما تەسەۋۋۇر سىستېمىسى ئوخشاشلىقتا ئىگە تەركىبىي قىسىملاردىن تەركىب تېپىشىمۇ
مۇمكىن، ئۇنداق بولماسلىقىمۇ، ھەتتا قارىمۇ قارشى تەركىبىي قىسىملاردىن تەركىب تېپى-
شىمۇ مۇمكىن. بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى پارچە - پارچە تەرەپلەردىن
تەركىب تېپىشىمۇ مۇمكىن. باغلانما تەسەۋۋۇر ماكان، زامان، رېئاللىق، خىيال... قاتار-
لىقلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلغان ئەسەرلەرنىڭ سى-
يۇژېتى ئەنئەنىۋى پروزا ئەسەرلىرىدىكىدەك ئۇنداق ئىزچىللىققا، مەنتىقىلىققا، ئې-
نىقلىققا ئىگە بولمايدۇ.

باغلانما تەسەۋۋۇرنى نىسبەتەن كونكرېتراق چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن مۇنۇ مىسالنى كۆ-
رۈپ باقايلى:

« بازاردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، ھەرىكەتلىرىنىڭ قالايمىقانلىقى، ۋارقىراپ-جار-
قىراپ سۆزلەشلىرى ئاخىرى كۆرۈش سەزگۈمنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن خالىغان بىر
تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. كېتىۋېتىپ بىرسىگە ئۇسسۇدۇم. ھىم، كىچىكلۈك ئەتىر

پۈرىقىغا قارىغاندا ئۇ چوقۇم قىز. قىز بولغاندىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق قىز. چىرايلىق بولار گۈلپەرچىلىك بولار. ئۇنىڭ بىلەن تويى قىلماي، ياخشى قىپتىكەنمەن. بولمىسا قېرىماي تۇرۇپلا... ھەي. مەن بايا قېرى بىر خوتۇنغا ئوخشىۋاپتىمەن ئەمەسمۇ، ئۇنىڭ چىرايلىرى، بولۇپمۇ يۈزىدىكى قورۇقلار ... تامىنىڭ بۇلۇڭىغا تارتىلغان ئۆمۈچۈك تورى. بىر تال چىۋىن كېلىپ قونۇۋىدى، تورتەۋرىنىپ كەتتى. چىۋىن ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن زادى قۇتۇلالمىدى. ئۆمۈچۈك ئاستا كېلىپ ئەمدىلا چىۋىننى يېمەكچى بولۇۋىدى بىر ئۇزۇن سۈپۈرگە كېلىپ ئۇنى سىرىپ يەرگەن چۈشۈرۈۋەتتى. قېلىن ئاياغ ئاستىدىن «گىرىچ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن سەسكىنىپ كەتتىم. نېمە دېگەن سەسكىنىشلىك ئىشلار بۇ، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىسا ئادەمنىڭ بېشى قېيىپ كۆڭلى ئېلىشىپ كېتىدۇ. ئاياللارنىڭ ھۆ قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرسەم ھامان باشقىچە بولۇپ قالىمەن ... — [ ئەركىن ].

بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەن» نىڭ ئاۋات بازاردىكى باغلانما تەسەۋۋۇرى.

**ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش**

ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش — ئاڭ ئېقىمى ئۇسۇلى قوللىنىلغان ئەسەرلەردىكى ۋاقىتنى ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى تەرتىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى بۇنداق تەرتىپنى يوقاتقان خالىغان بىر شەكىلدە قوللىنىشقا قارىتىلغان.

ھازىرقى زامان پەيلاسوپلىرىنىڭ قارىشىچە، ۋاقىت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىر خىلى ئەنئەنىۋى ۋاقىت، يەنى كىشىلەر ئادەتتە قوللىنىدىغان تەرتىپلىك ۋاقىت. يەنە بىرى پسىخىك ۋاقىت، يەنى ۋاقىت تەركىبلىرىنىڭ (ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسىنىڭ) ئەنئەنىۋى تەرتىپ بويىچە تىزىلىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ، سىڭىشىپ بىرلىشىپ كېتىشىدىن تۈزۈلگەن ۋاقىت. ئىنسان قەلبىدە ھامان پسىخىك ۋاقىت قوللىنىلىدۇ. ھەقىقىي قەلب چىنلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن پسىخىك ۋاقىتقا مۇراجىئەت قىلغان ياخشى. چۈنكى قەلبتىكى ئاڭ ۋاقىتنىڭ ئىزچىللىقى ۋە تەرتىپىگە بويسۇنمايدۇ.

ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان يازغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ئەسەرلەردە ئەنئەنىۋى ۋاقىت تەرتىپىنى قوللانغاندا چىنلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا «ھەممىنى يېڭىباشتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولغان» يازغۇچى چىنلىققا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. چۈنكى پۈتۈن ئەسەردىكى سېيۇژېت، پېرسوناژلارنىڭ ئېڭى ۋە باشقىلار ئەمدى پەقەت شۇ يازغۇچى «ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى» بولۇپ قالىدۇ.

ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىدا، ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى دېگەنلەرنىڭ پەرقى يوقىتىلىپ ھەممە ۋاقىت بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە ئادەمنىڭ كۆرگىنى، ئويلىغىنى، ئېنتىلگىنى ئۆز ئارا ئارىلىشىپ ۋە سىڭىشىپ، قايسىسىنىڭ رېئاللىقتا بارلىقىنى، قايسىسىنىڭ ئۆتمۈشتە ھەقىقىي ئەسلىمە ئىكەنلىكىنى، قايسىسىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئېنتىلىش ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ بولغىلى بولماي قالىدۇ. ۋاقىتنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئورۇنمۇ تەرتىپسىزلىشىپ كېتىدۇ.

( داۋامى بار )

# ئۈچ ۋەسىيەت

(چۆچەك)

زامانۇ ئاۋۋال ياش چاغدا، قۇم شېغىللار تاش چاغدا، ئەجرى ـ مېھنەت ئاش چاغدا، كۆچتۈگگۈرلەر باش چاغدا، جەڭگى ـ جېدەل ماش چاغدا، توپانغا قىل قاش چاغدا، كۈن پېتىشتىكى رۇم مەملىكىتىدە قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر ناملىق ئەقلىي دانىش بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. قورال، ئەنجاملىرى خىل ۋە بىھېساب لەشكەرلەر، ئوردا خەزىنىلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، گۆھەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن تولغان، سانىسىز شاھلار ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا تازىمدا تۇرۇشار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە مەشرۇق تامان سەپەر قىلىش ھەۋىسى چۈشۈپتۇ. بۇ ھەۋەس شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنكى، كەچلىك ئۇيقۇسى بىلەن كۈندۈزلىرى ئارامى ــ ھارامغا، يەيدىغان ئۈچ ۋاق تامىقى ــ پەرھىزگە ئايلىنىپتۇ. ئاخىرى بولالماي قىرىق قۇرئاندازنى ئالدىغا چاقىرتىپ مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئەي، دانىشمەن قۇرئاندازلىرىم، پۈتكۈل مەغرۇپ مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتتى، ئەمدى كۆڭلۈم مەشرۇق تامان سەپەر قىلىش ئىستىكى بىلەن گۈلخانغا ئايلاندى، سىلەردىن ئەقىل ۋە مەسلىھەت سورايمەن. ئېيتىڭلارچۇ، بۇ تاجۇ دۆلەت، بەخت ـ سائادەت، شانۇ زەپەر، غەلىبە ۋە قۇتلۇق سەپەرلەر ماڭا زادى قاچانغىچە ۋاپا قىلاركەن، ـ دەپ سوراپتۇ.

قۇرئى كۆرۈپ، دەرھال جاۋاب بېرىشكە پېتىنالمىغان قۇرئاندازلار ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ. ئىسكەندەر پادىشاھ «ماقۇل» دەپ ئىلتىپات قىپتۇ. ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەتمۇ توشۇپتۇ. ھېچبىر قۇرئانداز جاۋاب بىلەن كىرمەپتۇ. غەزەپلەنگەن شاھ قۇرئاندازلارنى ئالدىغا تىزلاندۇرۇپتۇ ـ دە:

— سىلەرنىڭ مەرتىۋە ۋە مەنسەپلىرىڭلارنى ئۈستۈن قىلىپ باقتىم، بۇ سوئالىمغا ئۈچ كۈنگىچە جاۋاب بېرىشەلمىدىڭلار، ھۇ ھارام تاماق نان قېپىلار. جاللات! بۇ، قىرىق ناكەسنىڭ ئەقىلسىز كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىل! ـ دەپ پەرمانە قەتئىي بېرىپتۇ.

— داد، شەمسۇل بەشەر، پادىشاھى سابىر، ـ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ قۇرئاندازلار ئەمرى، ـ رەھىم قىلىپ بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە، مەن جاۋاب بەرسەم.

— كەچتىم، سۆزلە، ـ دەپتۇ ئىسكەندەر شاھ.

— مەرتىۋىلىرى ئاسماندەك بۈيۈك، ئۆمۈرلىرى ئالەمدەك باقىي بولغاي پادىشاھى ئالەم، قۇرئى ھەقنى كۆرسەم، ئۆزلىرىگە تاجۇ دۆلەت، بەخت ـ سائادەت، شان ـ زەپەر قۇتلۇق سەپەر تاكى ئاسمان ئالتۇن، يەر قۇيۇچقا ئايلانغىچە نېسىپ بولىدىكەن.




— ئىشىك ئاغىسى! قۇرئاندازلار ئەمرىگە تون ـ سەرپاي ئىنئام قىل! ـ دەپتۇ شاھ مەمنۇنىيەت بىلەن. ئاز ئۆتمەي مەشرۇق تامان سەپىرىنىڭ ھەممە تەييارلىقلىرى

AltunOq

پۈتۈپتۇ. پادىشاھ ئىسكەندەر ئاقىباش ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئىنىسىنى ھەمراھ قىلىپ، قىرىق مىڭ ئاتلىق لەشكىرىنى، سەرۋازلىرىنى ئېلىپ كۈن چىقىش تامان سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. كافكاز تاغلىرىنىڭ كۈنگىيىدە ئۈچ كۈن دەم ئېلىپ، ئەتىگەندە يەنە سەپەرگە بۇيرۇق قىپتۇ.

شاھ ئالدىدا تىز چۆكۈپ تۇرغان قۇرئاندازلار ئەمرى تازىم بىجا سىدىن كېيىن:

— ئالدىمىزدىكى داۋاندىن ئۆتسەك، جۇت ۋە يامغۇرغا ئۇچرايمىز. جاپاسىز يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بىر كۈن كېچىكىپ ئاتلىنىشقا رۇخسەت قىلغان بولسىلا، — دەپتۇ.

— ھەر قانچە جۇت - يامغۇرمۇ ئاسماننى ئالتۇنغا، زېمىننى قويۇچقا ئايلاندۇرالمايدۇ، تەخىرسىز ئاتلىنىڭلار، — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ ئىسكەندەر پادىشاھ.

دېگەندەك، داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن يامغۇر ۋە جۇت باشلىنىپتۇ. ھاۋا سوۋۇپ يامغۇر يېغىپ، يوللار پاتقاقتا ئايلىنىپتۇ. ھەممەيلەننىڭ ئۇستى - بېشى سۇ بولۇپ جۇدۇقاپ توڭۇپ كېتىپتۇ. ئاخىرى پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغان مۇلازىملار قوشۇننى مۇۋاپىقراق بىر جايدا توختىتىپتۇ. دەرھال توققۇز تال نەيزىنىڭ ئۇچىنى باغلاپ، تۈۋىنى توققۇز تەرەپكە تارتىپ، مۇلازىملارنىڭ ئالتۇن قاداقلىق تونلىرىنى تەتۈر ئارتىپ چېدىر قىلىپ، ئاستىغا قويۇچ قالقانلارنى تىزىپ، پادىشاھ ئىسكەندەرنى بۇ چېدىرغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھ ئىسكەندەر شۇنداق قارىسا، چېدىرنىڭ ئاستى قالقانلار بىلەن قويۇچقا، چېدىرنىڭ ئۇستى ئالتۇن قاداقلار بىلەن ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالغانىكەن. پادىشاھنىڭ يادىغا دەرھال سەپەر ئالدىدىكى قۇرئاندازلارنىڭ قۇرئىسى چۈشۈپ كۆڭلى بۆلەكچىلا بوپتۇ. ئاز ئۆتمەي قىزىتمىسى ئۆرلەپ، بېشى ئېسىلىپ ئاغرىشقا باشلاپتۇ. ئەتراپىدا پايى - پېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىنىسى، ۋەزىرلىرى ۋە مۇلازىملىرىنى ئىشارەت بىلەن يانلىرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئەجىلى مۇتلەققە قايىل ۋە قەنا بولغان ھالدا تۆۋەندىكىدەك ۋەسىيەت قىپتۇ:

— قۇرئاندازلارنىڭ قۇرئىسى توغرا چىقتى بولغاي، مانا ئاسمان ئالتۇنغا، يەر قويۇچقا ئايلىنىپتۇ. ئەزرائىل ئامانىتىگە كەلگەن چېغى. «بالاغا سەۋرە، قازاغا رىزا» دېگەن شۇ. ئەلھۆكمىلىللا، مەن ھەممىدىن رازى، ئانامۇ مەندىن رازى بولسا سىلەردىن ئۈچ ئىلتىماسىم بار:

بىرىنچى، جەسىتىم كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن زېمىندا، دادامنىڭ ئايىغىدىن ئورۇن ئالسا، نەزىرە - چىراغىم كەڭرى قىلىنسا، ئەمما نەزىرەمگە ئالدى بىلەن ھېچنېمىسى ئۆلمەگەن كىشى بىرىنچى بولۇپ قول كەلتۈرۈپ بەرسە.

ئىككىنچى، مېنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ جىنازىغا سالغاندا ئىككى قولۇم جىنازىدىن چىقىرىپ قويۇلسا، جاماەت ئالقىنىمنى كۆرسە.

ئۈچىنچى، ماڭا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولغان — جاھاننى بويسۇندۇرغان ئالتۇن ساپلىق زۇلپىقارىمنى ئوتتۇرىسىدىن سۇندۇرۇپ، كۆلا بىلەن چېگىپ جىنازا يوپۇقىنىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويساڭلار.

ۋەسىيەت ئاياغلىشىپلا ئىسكەندەر پادىشاھ باقىي ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. ئەتراپىدا تۇرغانلار يىغا - زارە قىلىشىپ، چېدىرنى بېشىغا كىيىشىپتۇ. قىرىق مىڭ سەرۋازنىڭ نالە-زارى ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپتۇ. دەرھال رۇمغا خەۋەرچى ماڭدۇرۇپتۇ. ئارقىدىن جەسەتنى كۆتۈرۈپ پۈتۈن قوشۇن رۇمغا قاراپ يول ئاپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پۈتۈن شەھىرى رۇم خەلقى يىغا-زارە بىلەن ئونچا قىرىم يەرگە ئالدىغا چىقىپتۇ. پەرزەنت داغىدا كۆيگەن ئانا ئوغلىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى ئېتىپ زار-زار يىغلاپتۇ، رۇم ئادىتى بويىچە جەسەتنى يەرلىككە قويۇشتىن ئاۋۋال نەزىرە-چىراغ قىلىنىدىكەن. شۇڭا توققۇز تۆگە، ئوتتۇز كالا، توقسان قوي سويۇلۇپ شورپا قىلىنىپ نەزىرە بېرىلىپتۇ. پەتنۇس، لىگەن، تەلەڭگە، تەخسىلەردە گۆش تارتىلىپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئىسكەندەرشاھنىڭ ئىنىسى:

— ئەھلى جاماەت، ئاكامنىڭ ۋەسىيىتى بار ئىدى، ئالدى بىلەن ھېچنەرسىسى ئۆلمىگەن كىشى نەزىرىگە قول كەلتۈرۈپ بەرسە، — دەپتۇ. داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان جاماەت: قېنى-قېنى دېيىشىپ، تۆردىكىلەر پەگاھقا، پەگاھتىكىلەر تۆرگە قارىشىپتۇ. جاماەت ئارىسىدىن ھېچكىمى ئۆلمىگەن كىشى چىقماپتۇ. دادىسى بارنىڭ ئانىسى يوق، ئانىسى بارنىڭ دادىسى يوق، ئاتا-ئانىسى بارلارنىڭ بوۋىسى يوق ياكى مومىسى يوق... ئىش قىلىپ ھېچكىمى ئۆلمىگەن ئادەم چىقماپتۇ. ھېچكىشى نەزىرىگە قول ئۇزىتالماپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئانا:

— نەزىرەم مەنزۇر تېپىلمىدىمۇ؟ — دەپ جاماەت ئالدىغا چىقىپتۇ. تۆردە ئولتۇرغان ئۆلىما ھەم نۇرانە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جاماەت! شاھىمىز ئېيتايىن دانىشمەن كىشى ئىدى، دۇنيادا ھېچكىمى ئۆلمەيدىغان كىشى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆلۈم دېگەن تەقدىر-ئىلاھى. پادىشاھى ئالەم ئانام سەبرى قىلسۇن دەپ بۇ ۋەسىيەتنى قىلغانىكەن، ئۆزلىرى سەبرى قىلسىلا، قازاغا رىزا، بالاغا سەبرە. قېنى-قېنى، جاماەت بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، مەن ئۆزۈم قول كەلتۈرۈپ بېرەي، ھەر بىرلىرىمۇ قول تەگكۈزۈپ بېقىشسىلا، — دەپتۇ. نەزىرىدىن كېيىن جەسەتنى يۇيۇپ، كېپەنلەپ جىنازىغا ئاپتۇ. ئىسكەندەر پادىشاھنىڭ ئىنىسى جاماەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ: — ئاكام «جەسىتىمنى جىنازىغا ئالغاندا ئالقىنىمنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويساڭلار، خەلقى ئالەم كۆرسە» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. ئاكامنىڭ شۇ ۋەسىيىتى بەجا كەلتۈرۈلسە — دەپتۇ. موللىلار:

— جەسەتنى كۆن كۆرسە بولمايدۇ، — دېيىشىپتۇ. مەرھۇمنىڭ ئىنىسى: ئاكامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىمىسام بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېلىقى ئۆلىما كىشى يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— شاھىمىزنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش لازىم. دانىشمەن پادىشاھىمىز: «گەرچە مەن بىر ئۆمۈر جەڭ قىلىپ پۈتۈن دۇنيانى قولۇمغا ئالغان بولساممۇ، ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، ئۇ دۇنياغا قۇرۇق قول كېتىۋاتىمەن، پۈتكۈل خەلقى ئالەم مەندىن ئىبرەت ئېلىپ دۇنيا خورلۇق قىلمىسۇن...» دەپتۇ، شۇڭا قولىنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويايلى، — دەپ ئۆز قولى بىلەن جەسەتنىڭ قولىنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ. مەرھۇمنىڭ ئىنىسى يەنە: — ئاكام «ئالتۇن ساپلىق زۇلپىقارىمنى ئوتتۇرىدىن سۇندۇرۇپ كولا بىلەن چېتىپ، جىنازىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى، دەپ زۇلپىقارنى بازغاندا ئۇرۇپ سۇندۇرۇپ كولادا باغلاپ تەييارلاپتۇ. موللىلار بولسا: «جىنازا ئۈستىگە يوپۇقتىن باشقا ھېچنەرسە ئېسىشقا بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېلىقى نۇرانە داموللا كىشى يەنە:

(ئاخىرى 113 - بەتتە)

## كۆيئوغۇل قەيەرگە كەتكەن؟

(تېپىشماقلىق چۆچەك)

قەدىمكى تارىم دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، سۈيى چوڭقۇر ۋە لاي، كۈن پېتىشتىن كۈن چىقىش تەرەپكە قاراپ ئاقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى قاسنىقىدا چوكانتاللار كۆپ بولغاچقا، كىشىلەر بۇ يەردىكى يۇرتنى «تاللىق دەريا» مەھەللىسى دەپ ئاتىغانىكەن. مەھەللە مەركىزىدە كۆجۈم، قايناق بازار بولىدىكەن. بازار ئىچىدە بەكرىباي ئىسىملىك بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجەر ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. بۇ قىزنىڭ چاچلىرى قۇندۇزدەك قاپقارا، چىشلىرى سەدەپتەك ئاق، ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىپقىزىل، ئىككى كۆزى كېيىكتەك ئوينىلاپ تۇرىدىكەن، بىر كۆرگەن يىگىتلەر «يەنە بىر كۆرسەم» دەپ تىلەيدىكەن. بىراق، گۈزەل ھەجەر قىزنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان نازۇك قەلبىدە، دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى نامراتلار مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇل خوتۇننىڭ يالغۇز ئوغلى — كېمىچى ياسىندىن باشقا ئەر يوق ئىكەن. ياسىنمۇ ئائىلىنىڭ يوقسۇزلۇقى، ئېگىز - ئاياغ، ئۇستىباشلىرىنىڭ كۆرۈمسىزلىكىگە قارىماي، ئۆزىنىڭ راستچىل، ئىشچان، باتۇر، ئاق كۆڭۈل، ئىش بىلەرلىكى بىلەن يېراق - يېقىنغا نامى چىققان ھۆرمەت ئىگىسى ئىكەن، ھەجەرنى ئۆزىنىڭ ئېزىز جېنىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىكەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ «توي قىلىش» ئارزۇسىغا ھەر ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى رازى ئەمەس ئىكەن، قارشى تۇرىدىكەن. ياسىننىڭ ئانىسى ئۆزلىرىنى «بايلارنىڭ خىلى ئەمەس» دەپ ئۇنىمايدىكەن، بەكرىباي بولسا، ھەجەرنى بازارنىڭ چەكەندىسى نىياز بەگكە بېرىپ، ئۇنىڭ سايىسىدا «تېخىمۇ ياخشىراق دۆلەت كۆرۈش» تاماسىدا يۈرگەنىكەن. شۇ سەۋەبتىن، قىزنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي، زالىم بەگكە تېگىشكە مەجبۇرلايدىكەن. ھەجەر بولسا قاپقىنى كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا كېلىپ «سۇ توشۇش» باھانىسى بىلەن ياسىننى ئىزدەيدىكەن ۋە بولغان گەپ - سۆزلەرنى بىرمۇ بىر دەپ تۇرىدىكەن. ياسىن بىر كۈنى كەچقۇرۇنلىقى ئاي يورۇقىدىن پايدىلىنىپ كېمىسىنى ھەيدەپ، شىمالىي قاشتىكى يارى — ھەجەرنىڭ ئۆيى ئارقىسىدا توختىتىپ قويۇپ، بۇرۇن كېلىشىۋالغان بويىچە مەخپىي بەلگە بېرىپ، ھەجەرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ھەجەر ئۆيىنىڭ دەرياغا قارايدىغان پەنجىرىسىنى ئېچىپ، ئاستا چۈشۈپ، كېمىگە چىقىپ ياسىن بىلەن قانداق قىلىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ھەققىدە كېلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىككەيلەن ئۆيلىرىگە قايتىشىپتۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەر قانداق بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى، بىرەر باخشى ياكى رەممالنى تېپىپ، پال ئاچقۇزۇپ، تەلىيىنى سىنايدىغان ئادىتى بار ئىكەن. ياسىن ئەتىسى كەچلىكى ھەمىيىنىغا ئون سەرلىك تەڭگىدىن بىرنى سېلىپ، شىمالىي قىرغاقتىكى رەممال توختاخۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ۋە تەڭگىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: «بەكرىۋاي قىزىنى نىياز چەكەندىگە زورلاپ بەرمەكچى، ئۇ چوقۇم بۇ يەرگە كېلىپ، سىزدىن پال ئېچىپ بېرىشنى، بۇ توينى قىلسا ‹ئۆيى-ئۆي، تويى - توي› بولۇش - بولماسلىقىنى سورايدۇ. بۇ كۈمۈشنى ئېلىڭ. پال ئېچىشنى

مەن دېگەندەك قىلىڭ. سىز مۇنداق دەڭ:

— باي غوجام، بۇ تويىنى ھەرگىز قىلمىسىلا، بولمىسا چوڭ پالاكەت باسىدۇ! بۇ گەپنى ئاڭلاپ، باي دىلىغۇل بولۇپ ئۆيىگە كېتىدۇ. ئاغچىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەتىسى يەنە كېلىدۇ. يەنە شۇنداق دەيسىز، ئۇ يەنە كېلىدۇ. ئۇدا ئۈچ قېتىم كەلگەندىن كېيىن، سىز ئۇ ئادەمگە مۇنداق دەڭ: «بوپتۇ! سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا يۈزلەنگەن بالايىئاپەتنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تاپاي. ئەتە يەنە بىر كېلىڭلار!» شۇنداق قىلىپ، سىزمۇ ئۇنىڭدىن تۆت قېتىم «پال ھەققى» ئالىسىز، بىزمۇ ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ ئالالايمىز. بەكرىۋاي ئەتىسى كەلگەندە، سىز ئۇلارغا مۇنداق دەڭ: «يەنە ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزۈپ، تويىنى قىلساڭلار بولىدۇ. لېكىن، توي باشلىنىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۇلار تۇرغان ھوجرىنىڭ ئىشىكىنى سىرتتىن قۇلۇپلاپ قويۇپ، ئاچقۇچنى ئۆزۈڭلار تۇتىسىلەر، ھېچكىمگە بەرمەيسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ كىرمەيسىلەر، ئۇلارمۇ سىرتقا چىقمىسۇن. مۇشۇنداق قىلىشقا قەسەم ئىچىپ ۋەدە بېرىڭلار. شۇ چاغدىلا بالا - قازادىن خالى بولالايسىلەر!» مۇشۇلارنى ئورۇنلاپلا بەرسىڭىز مەن سىزدىن رازى، قالغان ئىشلارغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن. توختى رەمبال ياسىنغا ۋەدە بېرىپتۇ ھەم ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، بەكرىبايدىنمۇ ئىشەنچلىك ۋەدە ئاپتۇ.

بەكرىباي خۇشال بولۇپ، ئۆيىگە قايتىپ، ئۈچ كۈن داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، جامائەتكە ئوغلاق تاشلاپ بېرىپتۇ. ئەل - جامائەت ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىغاندىن كېيىن، يېڭى كۈيئوغۇل بىلەن كېلىن ئىككىسىنى ئۆز ھوجرىسىغا كىرگۈزۈۋېتىپلا، بەكرىباي ئىشىكنى سىرتتىن قۇلۇپلاپتۇ، ئاچقۇچنى ئاغچىسىغا بېرىپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ «ئىشىكنى ھەرگىز ئاچماسلىق» قا ۋەدە قىلىشىپتۇ. ھوجرا ئىچىدە بولسا ھەجەر قىز — نىياز چەكەدىنى كۆرۈپ، ياسىما قىياپەتتە نازلىنىپ تۇرۇپ: «غوجام ئالدىرىمىسىلا، ئاۋۋال ئوبدان بىر ئىچەيلى، ئاندىن تاماشىنى باشلىساق قانداق؟» دەپتۇ. چەكەدى پەقەت شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغانىكەن، جان دەپ ماقۇل كەپتۇ. بولىدىغان، كۈچلۈك شارابتىن بىر كومزەك كەلتۈرۈلۈپتۇ. ھەجەر شارابنى ئاز - ئازدىن، پات - پات قۇيۇپ، ئارىلاپ يالغان ناز - كەرەشمىلەرنى كۆرسىتىپ، ئالداپ، نىيازنى ئۆلگىدەك مەست قىلىپ، كارىۋات ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. چەكەدى ئۆلۈكتەك ئۇخلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، ھەجەر ھوجرىنىڭ پەنجىرىسىگە كېلىپ، دەريا تەرەپكە قاراپ چاۋاك چاپتۇ.

بەكرىباي ئاغچىسى بىلەن ئولتۇرۇپ، قىزىنىڭ توي ئىشى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپتۇ. بىردەم ئۆتكەندە ئۆي ئىچىدىن قىڭراق بىلەن گۆش چاپىغاندەك بىر خىل ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن «ئۇلار تاماق ئېتىپ يېيىش ئۈچۈن گۆش توغراۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، پەرۋا قىلماپتۇ. بۇ خىل قىڭراق ئاۋازى كېچىسىمۇ، ئەتىسىمۇ توختىماپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن سەل بىئارام بولۇپ «قانداق توغراپ بولالمىغان گۆش بۇ؟» دېيىشىپتۇ. ئاغچا خېنىم ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولغانىكەن، بەكرىباي ئۇنى توسۇپ: «ئۇنداق قىلماڭلار، بېشىمىزغا بالا - قازا كېلىدۇ. سەۋرى قىلايلى!» دەپتۇ. بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئەھۋال جىمىپ كېتىپتۇ، ھېچبىر ئاۋاز چىقماپتۇ، بەكرىباينىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپتۇ. ئىچى تىت - تىت، كۆڭلى

دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئاغچىسىدىن ئاچقۇچنى ئاپتۇ ـ دە، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ئۇلار ئۇ ئۆيگە كىرىشىگە، ئۆي ئىچىدىكى «كۆيئوغۇل» يىگىتنىڭ پەنجىرىدىن ئۆزىنى دەرياغا تاشلىشى تەڭ كەپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان بەكرىباي ـ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن «چوڭ بالا ـ قازا» نىڭ كەلگەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ قىپتۇ ـ دە، قورققىنىدىن «ۋاي بالام!» دەپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ. ھەجەرقىز بۇ چاغدا «شېرىن ئۇيقۇدا» ئۇخلاۋاتقانىكەن، دادىسىنىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا، «ئېرى» يوقمىش. «ۋاي كاساپەت! سىلەر ئېرىمنىڭ جېنىغا زامىن بوپسىلەر! دەرھال ئىزىمنى ئىزدەپ تېپىڭلار!» دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى، ئانىسى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇشۇپتۇ، ئاندىن رەمبالنىڭ گېپىگە كىرمىگەنلىكىدىن، ۋەدىسىنى بۇزۇپ، بىمەھەل ئۆيگە كىرىپ قويۇپ، بالا ـ قازا تېرىغان گۇناھىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىشىپتۇ. بىراق، ئورنىغا كەلمەپتۇ. سىرتقا چىقىپ خىزمەتكارلىرىدىن كېمىچى ياسىننى تېپىپ، دەريانىڭ تېگىگە چۈشۈپ، سۇ ئىچىدىن «كۆيئوغلى» نى ئىزدەپ تېپىشنى تەلەپ قىپتۇ، بۇ ئىش ئۈچۈن كېمىچىگە ئون سەرلىك كۈمۈش تەڭگىدىن ئون دانە بېرىپتۇ. ياسىن كېيىم ئالماشتۇرۇۋاتقانىكەن، خىزمەتكارلىرىدىن ئەھۋالنى ئۇققۇپلا، دەرھال بەكرىباينىڭ مەھەللىسىگە كەپتۇ.

— مەن سۇ ئاستىنى ئاختۇرۇپ باقاي. لېكىن چوقۇم تاپالايمەن، دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن! بولمىسا سۇچى كۆپ. باشقىلار ئىزدەپ تاپسۇن!ـ دەپتۇ ياسىن قىلچە ھودۇقماي.

— ماقۇل، ياخشىراق ئىزدەپ باق!ـ دەپتۇ باي نائىلاج. شۇنىڭ بىلەن ياسىن بىر ئۇزۇن خادىنىڭ ئۇچىغا ئوغاقنى باغلاپ، كېمە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دېڭىزدىن يىڭنە ئىزلىگەندەك دەريا ئىچىنى مالتىلاشقا كىرىشىپتۇ. توپتوغرا ئۈچ كۈن ئىزدەپمۇ ھېچنەرسىنى ئۇچرىتالماپتۇ. ئەل ئىچىدە ھەر خىل گەپ ـ سۆزلەر كۆپىيىپ كېتىپتۇ. بەكرىبايلار توختى رەمبالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇقماقچى بولغانىكەن، رەمبالنىڭ دېرىكى بولماپتۇ. ئەتىسى باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ياسىننى ياللاپ، سۇغا تاشلاپتۇ ـ دە: «قولۇڭ بىلەن ئاختۇرۇپ تاپ!» دەپتۇ.

ياسىن بىرلا چۆمۈپ، قاش باغرىدىكى مەخپىي «ۋاينام» غا كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر ئەر كىشىنىڭ جەسىتىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ. جامائەتنىڭ كۆڭلى تىنغاندەك بوپتۇ. ئولاش ـ چولاش جەسەتنى لاي ـ لاتقىلاردىن ئادالاپ، يۇيۇپ قارىسا، كۈتمىگەن يەردىن بۇ جەسەت توختى رەمبال بولۇپ چىقىپتۇ. كىشىلەر ھەيرانلىق ئىچىدە:

— ئۆلۈك رەمبال بولۇپ چىقتى، ئۇنداقتا نىياز چەكەدىي قەيەرگە يوقالدى؟ بۇ ۋەقەنى كىم يېشىپ بېرەلەيدۇ؟ـ دېيىشىپتۇ. مۇنداق سوئاللارنىڭ بېسىقىشىغا ئەگىشىپ، ياسىن بىلەن ھەجەرنىڭ توپلىرى بولۇپ، ئۆمۈرلۈك ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئەمدى بۇ چۆچەكنى ئوقۇغان كىتابخانلار سىلەر تېپىڭلارچۇ: ياسىن بىلەن ھەجەرلەر بۇ ۋەقەدە قانداق ھىيلە ئىشلەتكەن؟

(بۇ چۆچەكنى پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزا ئوغان كەنتىدىن مەرھۇم ئىبراھىماخۇن سۆزلەپ بەرگەن. خاتىرىلەپ رەتلىگۈچى: يۇسۇپ ئۆمەر).

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى تەھرىر خادىملار ئىش ئۈستىدە

AltunOq









قىزىل دەرياسىدا كەچكى شەپەق (جورى قادىر فوتوسى)


# قەشقەر ئەدەبىياتى (20-يىل نەشرى)

«喀什噶尔文学»（双月刊）

**KASHGAR LITERATURE**

**IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL**

1991 - يىل 3 - سان (قوش ئايلىق ژۇرنال)

نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋاكالىتەن تارقىتىدۇ

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب - ژۇرنال سودىسى باش شىركىتى

(بېيجىڭ 2820 - خەت ساندۇقى)

(O.P. BOX 2820 BIEJING CHINA)

فورماتى 1092 × 787 مم، 1/16 8 باسما تاۋاق

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: GN 65—1081/1

پوچتا ۋاكالىتەن نومۇرى: 62 — 58

باھاسى 1.00 يۈەن

تېلېفون نومۇرى: 23196